# ئىزدىنىش

(تاللانما)

8 1997

# ئىزدىنىش

(تاللانما)

1997-يىل 8-سان
(ئومۇمىي 110-سان)

(ئايلىق ژۇرنال)

ج ك پ مەركىزىي كومىتېتى باشچىلىقىدا نەشر قىلىنغان «ئىزدىنىش»نىڭ 1997-يىللىق 11-، 12-سانلىرىدىن تاللاپ تەرجىمە قىلىندى


## مۇندەرىجە


جياڭ زېمىن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ئاچقان ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى:
دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىشلىرىمىزنى 21-ئەسىرگە ئومۇمىيۈزلۈك ئىلگىرىلىتىشىمىز لازىم .................................. (2)

جۇڭگونىڭ ئېنېرگىيە سىياسىتى توغرىسىدا .................................. لى پېڭ (10)

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسىنى ئورنىتىش مەسىلىسى ھەققىدە .................................. لى تيېيىڭ (32)


★8-ئاينىڭ 5-كۈنى نەشردىن چىقتى★


نەشر قىلغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى
بېيجىڭ خېپىڭلى شىمالىي كوچا 14-قورۇ. پوچتا نومۇرى: 100013
مەملىكەت ئىچىدە بىرلىككە كەلگەن پوچتا ۋەكالەت نومۇرى: CN11-2498
تىزغۇچى: مىللەتلەر نەشرىياتى ئېلېكترونلۇق مەتبە سىستېمىسى
باسقۇچى: مىللەتلەر باسما زاۋۇتى
باش تارقىتىش ئورنى: بېيجىڭ گېزىت-ژۇرنال تارقىتىش ئىدارىسى
ژۇرنالغا يېزىلىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار
پارچە سېتىش ۋە ۋەكالىتەن سېتىش ئورنى: مەملىكىتىمىزنىڭ ھەرقايسى جايلىرىدىكى پوچتىخانىلار ۋە شىنخۇا كىتابخانىلىرى
چەت ئەللەرگە تارقىتىش ئورنى: جۇڭگو خەلقئارا كىتاب سودىسى باش شىركىتى (بېيجىڭ «399»خەت ساندۇقى)

ئۇيغۇر كىتاب تورىبېكىتى
www.uyghurkitap.com

جياڭ زېمىن مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ئاچقان ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك
كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش
مۇراسىمىدا تەكىتلەپ مۇنداق دېدى:

# دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈپ، پۇرسەتنى چىڭ تۇتۇپ، يول ئېچىپ ئىلگىرىلەپ، ئىشلىرىمىزنى 21-ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىتىشىمىز لازىم

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 29-ماي تېلېگراممىسى.** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيىسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى جياڭ زېمىن تەكىتلەپ مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى دەۋرىدە، ئەسىر ھالقىيدىغان يېڭى سەپەردە، چوقۇم دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ئۇلۇغ بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشىمىز، مۇشۇ نەزەرىيە ئارقىلىق پۈتكۈل ئىشلىرىمىز ۋە تۈرلۈك خىزمەتلىرىمىزگە يېتەكچىلىك قىلىشىمىز كېرەك. بۇ پارتىيىمىز تارىخ ۋە رېئاللىقتىن چىقارغان تەۋرەنمەس يەكۈن.

جياڭ زېمىن 5-ئاينىڭ 29-كۈنى ج ك پ مەركىزىي پارتىيە مەكتىپى ئاچقان ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك كادىرلار بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىنىڭ ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىدا يۇقىرىدىكى سۆزنى قىلدى. مۇراسىمغا ج ك پ مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزالىرىدىن لى پېڭ، ليۇ خۇاچىڭ، خۇ جىنتاۋ قاتناشتى. مۇراسىمغا مەركىزىي كومىتېت سىياسىي بيۇروسى دائىمىي كومىتېتىنىڭ ئەزاسى، مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىنىڭ مۇدىرى خۇ جىنتاۋ رىياسەتچىلىك قىلدى.

جياڭ زېمىن سۆزىدە دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى، سوتسىيالىزمنىڭ

دەسلەپكى باسقۇچى، ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى، پارتىيە قۇرۇلۇشى قاتارلىق تۆت مەسىلىنى شەرھلىدى.

جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: بايراق مەسىلىسى ئىنتايىن مۇھىم مەسىلە. بايراق يۆنىلىش دېمەكتۇر، بايراق ئوبراز دېمەكتۇر. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيانقى لۇشيەندە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرىمىز دېگەنلىك دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈشتە تەۋرەنمەيمىز دېگەنلىكتۇر. يولداش دېڭ شياۋپىڭ ۋاپات بولغاندىن كېيىن پۈتۈن پارتىيىمىز، بولۇپمۇ يۇقىرى دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار مۇشۇ مەسىلىدە يۇقىرى دەرىجىدە ئاگاھ ۋە قەتئىي بولۇشى كېرەك. قانداق قىيىنچىلىق، قانداق خېيىم-خەتەرلەرگە دۇچ كېلىشتىن قەتئىينەزەر، بۇنىڭدىن تەۋرەنمەسلىكىمىز كېرەك. ئىشلىرىمىزنى 21-ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلەتتىشتە، ئەسىر ئالمىشىش ئالدىدا تۇرغان تارىخىي پەيتتە پۇرسەتنى قولدىن كەتكۈزمەي چىڭ تۇتۇشىمىز، كونا قائىدە-يوسۇنلارغا ئېسىلىۋالماي يول ئېچىپ ئىلگىرىلىشىمىز لازىم، ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىدا يېڭى بۆسۈش ھاسىل قىلىشىمىز، سىياسىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتىنى داۋاملىق ئىلگىرىلەتتىشىمىز، مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى ھەقىقىي كۈچەيتىشىمىز لازىم. بۇ ئۈچ تەرەپ زامانىۋىلاشتۇرۇش يولىدىكى ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشتىن ئىبارەت بۇ مەركەزنى دەۋر قىلغان ھالدا ئۆز-ئارا ماسلىشىدۇ، بىر-بىرىنى ئىلگىرى سۈرىدۇ.

جياڭ زېمىن مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: ماركسىزمنىڭ ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر ئالاھىدىلىكى بىلەن بىرلەشتۈرۈلگەنلىكىنىڭ مەھسۇلى ھېسابلىنىدىغان دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنىڭ يېڭى تارىخىي شارائىتتا داۋاملاشتۇرۇلۇشى ۋە راۋاجلاندۇرۇلۇشى، ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ماركسىزمى، ماركسىزمنىڭ جۇڭگودىكى تەرەققىياتىنىڭ يېڭى باسقۇچى. نېمە ئۈچۈن مۇنداق دەيمىز؟ بىرىنچىدىن، بۇ نەزەرىيە ئىدىيىدە ئازاد بولۇش، ھەقىقەتنى ئەمەلىيەتتىن ئىزدەشتە چىڭ تۇرۇپ، يېڭى ئەمەلىيەت ئاساسىدا ئىلگىرىكىلەرگە ۋارىسلىق قىلىش بىلەن بىرگە كونا قائىدە-يوسۇنلارنى بۇزۇپ تاشلاپ، ماركسىزمنىڭ يېڭى مەنزىلىنى ئېچىپ بەرگەن. ئىككىنچىدىن، بۇ نەزەرىيە ئىلمىي سوتسىيالىزم نەزەرىيىسى ۋە ئەمەلىيىتىنىڭ ئاساسىي نەتىجىلىرىدە چىڭ تۇرۇپ، ”نېمىنىڭ سوتسىيالىزم ئىكەنلىكى، سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش لازىملىقى“نى ئايدىڭلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت بۇ تۈپ نەزەرىيە مەسىلىسىنى تۇتۇپ تۇرۇپ، سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى چوڭقۇر كۆرسىتىپ بەرگەن، سوتسىيالىزمغا بولغان تونۇشنى يېڭى ئىلمىي سەۋىيىگە كۆتۈرگەن. ئۈچىنچىدىن، بۇ نەزەرىيە ماركسىزملىق كەڭ نەزەر دائىرە ئارقىلىق دۇنيانى كۆزىتىشتە چىڭ تۇرۇپ، ھازىرقى دەۋر ئالاھىدىلىكى ۋە خەلقئارا ۋەزىيەتتىكى ئۆزگىرىشلەر ئۈستىدە توغرا تەھلىل يۈرگۈزۈپ، يېڭى ئىلمىي ھۆكۈم چىقارغان. تۆتىنچىدىن، ئومۇملاشتۇرۇپ ئېيتقاندا، بۇ نەزەرىيە ئېلىمىزنىڭ يېقىنقى 20 يىلدىن بۇيانقى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىنىڭ يېڭى تەجرىبىلىرىنى، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيانقى

سوتسىيالىزم تەرەققىياتىدا مۇۋەپپەقىيەت قازانغان ۋە سەۋەنلىك سادىر قىلغان تارىخىي تەجرىبىلەرنى، خەلقئارا تەجرىبىلەرنى يەكۈنلەپ، جۇڭگودەك ئىقتىساد، مەدەنىيىتى بىر قەدەر قالاق دۆلەتتە سوتسىيالىزمنى قانداق قۇرۇش، سوتسىيالىزمنى قانداق مۇستەھكەملەش ۋە راۋاجلاندۇرۇشقا دائىر بىر قاتار تۈپ مەسىلىلەرگە تۇنجى قېتىم بىر قەدەر سىستېمىلىق ھالدا دەسلەپكى قەدەمدە جاۋاب بېرىپ، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدىن ئىبارەت يېڭى پەن سىستېمىسى بولۇپ شەكىللەنگەن. ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدا سوتسىيالىزمنىڭ ئىستىقبالى ۋە تەقدىرى مەسىلىسىنى باشقا ھېچقانداق نەزەرىيە ھەل قىلالمايدۇ، مۇشۇ نەزەرىيىلا ھەل قىلالايدۇ.

ماركسىزمنى پەن دېيىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئۇ باشتىن-ئاخىر قەتئىي تۈردە پاكىتنى ئۆزىنىڭ ئاساسى قىلىپ كەلگەن. ۋەھالەنكى، ئەمەلىي تۇرمۇش ئۈزلۈكسىز ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، بۇ خىل ئۆزگىرىشنىڭ كەسكىنلىك ۋە چوڭقۇرلۇق دەرىجىسى يېقىنقى 100 نەچچە يىلدىن بۇيان ئىلگىرىكىلەر تەسەۋۋۇر قىلالمايدىغان دەرىجىگە يەتتى. شۇڭا، ماركسىزم جەزمەن ئەمەلىي تۇرمۇشنىڭ تەرەققىياتىغا ئەگىشىپ ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگەرمەسلىكى مۇمكىن ئەمەس. بۇ يەردە زادى نوقۇل ھالدا ماركسىزم كىتابلىرىنىڭ پارچە-پۇرات سۆزلىرىدىن جاۋاب تېپىش كېرەكمۇ ياكى ماركسىزملىق مەيدان، نۇقتىئىنەزەر، ئۇسۇلدا ھەقىقىي چىڭ تۇرۇش ئارقىلىق ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ ۋە دۇنيانىڭ ئەمەلىي مەسىلىلىرىنى تەتقىق قىلىش كېرەكمۇ دېيىلگەن ئۆگىنىش ئىستىلى مەسىلىسى بار. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىنى تاشلاپ قويۇشقا قەتئىي بولمايدۇ، بۇنى تاشلاپ قويساق تۈپ ئاساستىن ئايرىلىپ قالىمىز-دە، خاتا يولغا كىرىپ قالىمىز. شۇنىڭ بىلەن بىللە، چوقۇم ھازىرقى زامان جۇڭگوسىنىڭ سوتسىيالىستىك ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى ئەمەلىي مەسىلىلەرنى، ھازىر قىلىۋاتقان ئىشلىرىمىزنى مەركەز قىلىش، ماركسىزم نەزەرىيىسىنى تەتبىقلاشنى نەزەردە تۇتۇش، ئەمەلىي مەسىلىلەرنى نەزەرىيە جەھەتتىن مۇھاكىمە قىلىشنى نەزەردە تۇتۇش، يېڭى ئەمەلىيەت ۋە يېڭى تەرەققىياتنى نەزەردە تۇتۇش كېرەك. ئۆز دۆلىتىمىزنىڭ ئەمەلىيىتى ۋە دەۋر تەرەققىياتىدىن چەتلىگەن ھالدا ماركسىزمنى تىلغا ئېلىشنىڭ ھېچقانداق ئەھمىيىتى يوق. ماركسىزمنى يەككە-يىگانە، تۇرغۇن ھالدا تەتقىق قىلىپ، ماركسىزمنى ئۇنىڭ رېئال تۇرمۇشتىكى جانلىق تەرەققىياتىدىن ئايرىۋېتىش، قارىمۇقارشى قىلىپ قويۇشنىڭ چىقىش يولى يوق. ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى، دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىرلىككە كەلگەن پەن سىستېمىسى. ھازىرقى زامان جۇڭگوسىدا دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسىدە ھەقىقىي چىڭ تۇرغانلىق؛ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بايرىقىنى ئېگىز كۆتۈرۈش ماركسىزم-لېنىنىزم، ماۋ زېدۇڭ ئىدىيىسى بايرىقىنى ھەقىقىي ئېگىز كۆتۈرگەنلىك.

جياڭ زېمىن سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچى مەسىلىسى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دېدى:

پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇيان، پارتىيىمىز دۆلىتىمىزنىڭ ئەھۋالىنى توغرا تەھلىل قىلىپ، دۆلىتىمىز يەنىلا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ، دېگەن ئىلمىي ھۆكۈمنى چىقاردى. بۇ دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم ئاساسى، بىزنىڭ لۇشيەن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈشىمىزنىڭ تۈپ چىقىش نۇقتىسى. بۈگۈن بۇ مەسىلىنى قايتا تەكىتلىشىمىزنىڭ سەۋەبى شۇكى، ئالدىمىزدا مىسلى كۆرۈلمىگەن پۇرسەت ۋە خىرىس، ئىسلاھاتتا ئۆتكەلگە ھۇجۇم قىلىش ۋە يېڭى ۋەزىيەت يارىتىشتەك مۇشكۈل ۋەزىپە تۇرىۋاتقان ئەھۋالدا، بىزنىڭ ھەر خىل زىددىيەتلەرنى ھەل قىلىشىمىز، ھەر خىل گۇمانلارنى ئايدىڭلاشتۇرۇشىمىز، نېمە ئۈچۈن باشقا لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويماي ھازىرقىدەك لۇشيەن ۋە سىياسەتلەرنى يولغا قويۇشىمىزنىڭ زۆرۈرىيىتىنى تونۇشىمىزنىڭ ئاچقۇچى سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي دۆلەت ئەھۋالىغا نىسبەتەن تونۇشنى بىرلىككە كەلتۈرۈش ھەم ئۇنى توغرا ئىگىلەشتە.

بىز، ھەممىدە ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىش كېرەك، دەيمىز، ئەڭ چوڭ ئەمەلىيەت شۇكى، جۇڭگو ھازىر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرىۋاتىدۇ ھەم مۇشۇ باسقۇچتا خېلى بىر مەزگىلگىچە تۇرىدۇ. پارتىيە 11-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتى 3-ئومۇمىي يىغىنىدىن بۇرۇن بىزنىڭ سوتسىيالىستىك قۇرۇلۇش جەھەتتە سەۋەنلىك سادىر قىلىپ قويغانلىقىمىزدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، بىز ئوتتۇرىغا قويغان بەزى ۋەزىپە ۋە سىياسەتلەر سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىن ھالقىپ كەتتى. يېقىنقى 20 يىللىق ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدا مۇۋەپپەقىيەتلەرنى قولغا كەلتۈرگەنلىكىمىزدىكى تۈپ سەۋەبلەرنىڭ بىرى شۇكى، بىز ھەممە ئىشتا سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئەمەلىيەتنى ئاساس قىلىپ، باسقۇچتىن ھالقىپ كېتىدىغان خاتا نۇقتىئىنەزەر ۋە سىياسەتلەرنى يەڭدۇق، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك تۈپ تۈزۈمدىن ۋاز كېچىشتەك خاتا تەشەببۇسلارنىمۇ رەت قىلدۇق. ئەمەلىيەت بىزنىڭ مۇشۇ يولنى تۇتۇپ، سوتسىيالىزمدىن چەتنىمەي، پۇختىلىق بىلەن سوتسىيالىزم قۇرغانلىقىمىزنى، سوتسىيالىزمنى جۇڭگودا ھەقىقىي جانلاندۇرغانلىقىمىزنى ۋە گۈللەپ ياشناتقانلىقىمىزنى، كەڭ خەلقنىڭ سوتسىيالىزمنى بىۋاستە تەسىراتى ئارقىلىق تېخىمۇ ھىمايە قىلغانلىقىنى ئىسپاتلىدى.

سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا، جەمئىيەتتىكى ئاساسىي زىددىيەت خەلقنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ماددىي-مەدەنىي تەلىپى بىلەن قالاق ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش ئوتتۇرىسىدىكى زىددىيەت. بۇ ئاساسىي زىددىيەت دۆلىتىمىزدە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىنىڭ پۈتكۈل جەريانىغا ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ ھەرقايسى تەرەپلىرىگە سىڭگەن بولۇپ، ئۇ تۈپ ۋەزىپىمىزنىڭ كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇش ئىكەنلىكىنى بەلگىلىگەن. بۇ ئاساسىي زىددىيەتنى چىڭ تۇتقاندىلا، ئاندىن ئىجتىمائىي زىددىيەتنىڭ ئومۇمىيلىقىنى سەگەكلىك بىلەن كۆزىتىپ ۋە ئۇنى ئىگىلەپ، تۈرلۈك ئىجتىمائىي زىددىيەتلەرنىڭ ھەل قىلىنىشىنى ئۈنۈملۈك ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

www.uyghurkitap.com

ئىجتىمائىي تۈزۈمىنىڭ ئومۇمىيۈزلۈك تەرەققىي قىلىشى، تېگى-تەكتىدىن ئېيتقاندا، ئاساسىي زىددىيەتنىڭ ھەل قىلىنىشىغا، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا باغلىق.

پۈتۈن پارتىيىدىكىلەر مېڭىسىنى سەگەك تۇتۇپ، تۈرلۈك توسالغۇلارنى تۈگىتىپ، پارتىيىنىڭ سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدىكى ئاساسىي لۇشيەنىدە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇشى، جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشنىڭ پۈتكۈل جەريانىدا ئىقتىسادىي قۇرۇلۇشنى مەركەز قىلىشنى تۆت ئاساسىي پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشىدا چىڭ تۇرۇش بىلەن بىرلەشتۈرۈشى كېرەك.

جىياڭ زېمىن ئىقتىسادىي تەرەققىيات ۋە ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ئىسلاھاتى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ كۆرسەتتى: سوتسىيالىزمنىڭ تۈپ ۋەزىپىسى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە راۋاجلاندۇرۇش، جۇڭگونىڭ بارلىق مەسىلىلەرنى ھەل قىلىشتىكى ئاچقۇچ ئۆزىنىڭ تەرەققىياتىغا تايىنىشتا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش تەرەققىياتنىڭ قۇدرەتلىك ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچى. ھازىردىن باشلاپ كېلەر ئەسىرنىڭ ئالدىنقى 10 يىلىغىچە بولغان مەزگىل دۆلىتىمىز ئۈچىنچى قەدەمدىكى ستراتېگىيىلىك نىشانغا قاراپ قەدەم تاشلايدىغان ھالقىلىق مەزگىل. بۇ مەزگىلدە بىر قەدەر مۇكەممەل بولغان سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى مۇۋەپپەقىيەتلىك ھالدا ئورنىتىش-ئورنىتالماسلىق، خەلق ئىگىلىكىنىڭ ئىزچىل، تېز، ساغلام تەرەققىي قىلىشىنى ساقلاش-ساقلىيالماسلىق ياخشى ھەل قىلىشىمىزغا تېگىشلىك ئىككى ئاچقۇچلۇق مەسىلە. شۇنىڭ ئۈچۈن ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئۆزگەرتىش، ئىگىلىك قۇرۇلمىسىنى ياخشىلاش، پەن-تېخنىكىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈش قاتارلىق جەھەتلەردە بۆسۈش خاراكتېرلىك ئىلگىرىلەشنى قولغا كەلتۈرۈشىمىز لازىم.

ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان، كۆپ خىل مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىك ئورتاق راۋاجلىنىدىغان مۈلۈكچىلىك قۇرۇلمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش زور ئەھمىيەتكە ئىگە. ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى چوقۇم ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك دېگەن ماركسىزملىق تۈپ نۇقتىئىنەزەردە چىڭ تۇرۇپ، سوتسىيالىستىك ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى راۋاجلاندۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىق، سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ ئۇنىۋېرسال دۆلەت كۈچىنى ئاشۇرۇشقا پايدىلىق بولۇش-بولماسلىق، خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنى ئۆستۈرۈشكە پايدىلىق بولۇش-بولماسلىقنى ئۆلچەم قىلىپ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئىلگىرى سۈرەلەيدىغان ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ رېئال شەكلىنى تىرىشىپ تېپىش لازىم. ئىجتىمائىيلاشقان ئىشلەپچىقىرىش قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بارلىق ئىگىلىك باشقۇرۇش شەكلى ۋە تەشكىلىي شەكىللەردىن دادىللىق بىلەن پايدىلىنىشقا بولىدۇ.

دۆلەت ئىگىلىكى خەلق ئىگىلىكىمىزنىڭ تۈۋرۈكى. دۆلەت كارخانىلىرى ئىسلاھاتىنى تېزلىتىش پۈتۈن پارتىيىنىڭ ئالدىغا قويۇلغان مۇھىم ھەم ئىنتايىن مۈشكۈل ۋەزىپە. مەركەز دۆلەت كارخانىلىرىنىڭ ئىسلاھات

ۋە تەرەققىيات مەسىلىسىگە ئەزەلدىن ئەھمىيەت بېرىپ، بىر قاتار توغرا يېتەكچى ئىدىيە ۋە فاڭجېن-سىياسەتلەرنى ئوتتۇرىغا قويدى. ھازىرقى ھالقىلىق مەسىلە تونۇشنى يەنىمۇ بىرلىككە كەلتۈرۈپ، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى چىڭ تۇتۇشتىن ئىبارەت. زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىنى ئورنىتىشنى نۇقتىدا سىناق قىلىش ئىشىنى داۋاملىق ئوبدان تۇتۇپ، كۈچنى مەركەزلەشتۈرۈپ خەلق ئىگىلىكىنىڭ جان تومۇرىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان، ئىقتىسادىي كۆلەمگە ئىگە، كەسپلەرنىڭ ئالدىنقى قاتارىدا تۇرىۋاتقان بىر تۈركۈم دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ كارخانىلارنىڭ ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتىنى ياخشى ئېلىپ بېرىش كېرەك. قەتئىي نىيەتكە كېلىپ سىستېمىلار ۋە رايونلار بويىچە بۆلۈنۈپ تۇرۇشتەك ھالەتنى بۇزۇپ تاشلاپ، "چوڭ ۋە مۇكەممەل بولۇش، كىچىك ۋە مۇكەممەل بولۇش" ۋە ناموۋاپىق تەكرار قۇرۇلۇش ئېلىپ بېرىش مەسىلىسىنى ھەقىقىي ھەل قىلىش لازىم. كاپىتالنى ۋاستە قىلىپ تۇرۇپ، بازار ئارقىلىق رايون، كەسپ، مۈلۈكچىلىك ۋە دۆلەت ھالقىپ ئىگىلىك باشقۇرىدىغان، رىقابەت كۈچى بىرقەدەر كۈچلۈك بولغان چوڭ كارخانا گۇرۇھلىرىنى قۇرۇش كېرەك. ئۆزگەرتىپ تەشكىل قىلىش، بىرلەشتۈرۈش، قوشۇۋېتىش، ئىجارىگە بېرىش، ھۆددىگە ئېلىپ باشقۇرۇش ۋە پاي ھەمكارلىق تۈزۈمى، سېتىش قاتارلىق شەكىللەرنى داۋاملىق قوللىنىپ، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كىچىك كارخانىلارنى قويۇۋېتىش، جانلاندۇرۇش قەدىمىنى تېزلىتىش كېرەك. كارخانا ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشنى كەسپ قۇرۇلمىسىنى تەڭشەش، ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرىنى ئىسلاھ قىلىش شۇنداقلا پۈتكۈل شەھەر ئىسلاھاتى بىلەن بىرلەشتۈرۈپ ئېلىپ بېرىش كېرەك.

جياڭ زېمىن پارتىيە قۇرۇلۇشى ئۈستىدە توختالغاندا مۇنداق دەپ تەكىتلىدى: پارتىيىمىز پۈتۈن مەملىكەتتىكى ھەر مىللەت خەلقىنى يېتەكلەپ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش ئىشلىرىنى 21-ئەسىرگە ئومۇميۈزلۈك ئىلگىرىلىتىپ، باي-قۇدرەتلىك، دېموكراتىك، مەدەنىيەتلىك بولغان سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشقان دۆلەت قۇرۇپ چىقىشتىن ئىبارەت تارىخىي ئېغىر ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئالماقتا. پارتىيە رەھبەرلىكىنى كۈچەيتىپ ۋە ياخشىلاپ، پارتىيىمىزنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ياخشى قۇرۇش—بۇ ئۇلۇغ ۋەزىپىنى ئورۇنداشنىڭ تۈپ كاپالىتى.

پارتىيە قۇرۇلۇشى ۋەزىپىسى يەنىلا ناھايىتى ئېغىر بولۇپ، نۇرغۇن جەھەتتىكى خىزمەتلەرنى ئوبدان ئىشلەشكە توغرا كېلىدۇ. دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى بىلەن پۈتۈن پارتىيىنى چوڭقۇر، پۇختا، ئۇزاقچە قوراللاندۇرۇش—پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى ئەڭ مۇھىم ۋەزىپە. پارتىيە ئىچىدە چوقۇم تىرىشىپ ئەستايىدىل ئۆگىنىش كەيپىياتىنى، دېموكراتىك ئاساستا مۇھاكىمە ئېلىپ بېرىش كەيپىياتىنى، ئاكتىپ ئىزدىنىش كەيپىياتىنى، ئەمەلىيەتچىل بولۇش كەيپىياتىنى يارىتىش كېرەك.

ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشىنى زور كۈچ بىلەن كۈچەيتىپ، يۇقىرى سۈپەتلىك كادىرلار قوشۇنىنى تىرىشىپ قۇرۇپ چىقىش پارتىيە قۇرۇلۇشىدىكى يەنە بىر مۇھىم ۋەزىپە. ئىدىيىۋى-سىياسىي قۇرۇلۇشنى مۇھىم نۇقتا قىلىپ، ھەر دەرىجىلىك رەھبەرلىك بەنزىلىرىنى پارتىيىنىڭ ئاساسىي نەزەرىيە-

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

سى ۋە ئاساسىي لۇشيەنىنى قەتئىي ئىجرا قىلىدىغان، جان-دىل بىلەن خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغان، زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا رەھبەرلىك قىلىش ئىقتىدارىغا ئىگە كۈچلۈك رەھبەرلىك كوللېكتىپى قىلىپ قۇرۇپ چىقىش كېرەك. بىزنىڭ رەھبىرىي كادىرلىرىمىز خىزمەتنىڭ ھۆددىسىدىن چىقالايدىغان نەزەرىيە، سىياسەت سەۋىيىسىگە ۋە كەسپىي ئىقتىدارغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى سىياسىي جەھەتتە قەتئىي بولۇشى، ياخشى ئىدىيىۋى ئىستىل ۋە ئەخلاق-پەزىلەتكە ئىگە بولۇشى لازىم. يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار بۇ جەھەتتە تېخىمۇ ياخشى ئۈلگە بولۇشى كېرەك.

چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ ھايات-ماماتىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان جىددىي سىياسىي كۈرەش، شۇڭا بۇ كۈرەشنى يەنىمۇ كۈچەيتىپ، قەتئىي بوشاشماي ئېلىپ بېرىش لازىم. ھەم ئۇزاققىچە كۈرەش قىلىش ئىدىيىسىنى تۇرغۇزۇش، ھەم باسقۇچلۇق جەڭنى بىر-بىرلەپ ئۇبدان ئېلىپ بېرىش كېرەك. يۈزەكى ھەل قىلىش بىلەن تۈپتىن ھەل قىلىشقا تەڭ ئېتىبار بېرىش، كۆپ تەرەپتىن تەڭ تۇتۇش قىلىشتا چىڭ تۇرۇش كېرەك. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلارنىڭ ئۆزى ئۈلگە كۆرسىتىش-كۆرستەلمەسلىكى پارتىيە ئىستىلى-پاكلىق قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش، چىرىكلىككە قارشى تۇرۇش كۈرىشىنىڭ چوڭقۇر راۋاجلىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشتە ئىنتايىن مۇھىم. ھەر دەرىجىلىك پارتىيە تەشكىلاتلىرى كادىرلارنى دائىم باشقۇرۇش ۋە نازارەت قىلىشنى ھەقىقىي كۈچەيتىشى كېرەك.

جىياڭ زېمىن ئاخىرىدا پارتىيىنىڭ ئىتتىپاقلىقىنى قوغداش ۋە كۈچەيتىشنى ئالاھىدە تەكىتلىدى. ئۇ مۇنداق دېدى: دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ۋە زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئالدىنقىلارغا ۋارىسلىق قىلىپ، كېيىنكىلەرگە يول ئاچىدىغان، ئالدىنقى ئىشلارنى داۋاملاشتۇرۇپ، كېيىنكى ئىشلارغا ئاساس سالىدىغان مۇھىم دەۋردە تۇرماقتا، ۋەزىپە ئىنتايىن ئېغىر ۋە مۇشكۈل، شۇڭا پۈتۈن پارتىيىدىكى يولداشلار ئىتتىپاقلىقنى تېخىمۇ كۈچەيتىشى كېرەك. بىز تەكىتلەۋاتقان ئىتتىپاقلىق دېڭ شىياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنى ئاساسىدىكى ئىتتىپاقلىق. ئىتتىپاقلىقنى تەكىتلەشتە چوقۇم ئومۇملۇققا ئېتىبار بېرىش كېرەك. ئومۇمىي مەنپەئەت بىلەن قىسمەن مەنپەئەت مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىپ، پارتىيە ۋە دۆلەتنىڭ مەنپەئىتىنى بىرىنچى ئورۇنغا قويۇش ھەم ھەرقايسى تەرەپلەرنىڭ مەنپەئىتىگە تولۇق ئېتىبار بېرىش لازىم. ھەر دەرىجىلىك رەھبىرىي كادىرلار ئالدى بىلەن يۇقىرى دەرىجىلىك كادىرلار دېموكراتىيە-مەركەزلەشتۈرۈش پرىنسىپىنى باشلامچىلىق بىلەن ئىزچىللاشتۇرۇشى، ئىنتىزامغا قاتتىق رىئايە قىلىشى، ئومۇملۇقنى قوغدىشى، ئىتتىپاقلىقنى كۈچەيتىشى كېرەك.

يىغىن باشلىنىشتىن بۇرۇن جىياڭ زېمىن، لى پېڭ، لىيۇ خۇاچىڭ، خۇ جىنتاۋ قاتارلىقلار ئۆلكە، مىنىستىر دەرىجىلىك كادىرلارنىڭ بىلىم ئاشۇرۇش كۇرسىدىكى ئوقۇغۇچىلارنى سەممىمىي قوبۇل قىلدى ۋە ئۇلار بىلەن بىرلىكتە خاتىرە ئۈچۈن سۈرەتكە چۈشتى.

ئوقۇش پۈتتۈرۈش مۇراسىمىغا يەنە دېڭ گۇەنگېن، تيەن جىيۈن، لى لەنچىڭ، لى تيېيىڭ، ياڭ

بەيىلك، ۋۇ باڭگو، زۇ جياخۇا، جياڭ چۇنيۇن، چيەن چىچىن، خۇاڭ جۇي، ۋېي جيەنشىڭ، شيې فېي، ۋېن جياباۋ، ۋاڭ خەنبىن، جاڭ جېن، جاڭ ۋەننيەن ۋە چى خاۋتيەن قاتارلىقلار قاتناشتى.

**تەرجىمە قىلغۇچىلار: كامىلجان تۇرسۇن**
**رىسالەت ئابلا**

**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

www.uyghurkitap.com

# جۇڭگونىڭ ئېنېرگىيە سىياسىتى توغرىسىدا

لى پېڭ

ئېنېرگىيە خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنى ھەرىكەتلەندۈرگۈچ كۈچ بىلەن تەمىن ئېتىدۇ، شۇنداقلا ئۇ خەلق تۇرمۇشىدا بولمىسا بولمايدىغان نەرسىدۇر، كۆمۈر ۋە نېفىت، تەبىئىي گاز سانائەتنىڭ مۇھىم خام ئەشياسى بولۇپمۇ ھېسابلىنىدۇ. خەلقئارادا كۆپىنچە ئادەم بېشىغا توغرا كېلىدىغان ئېنېرگىيە مىقدارى، ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسى، ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ۋە مۇھىتقا بولغان تەسىرى بىر دۆلەتنىڭ زامانىۋىلىشىش دەرىجىسىنى ئۆلچەيدىغان ئۆلچەم قىلىنىدۇ. دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيە سانائىتى ناھايىتى زور تەرەققىياتلارغا ئېرىشتى. 1996-يىلى ئىشلەپچىقىرىلغان بىرلەمچى ئېنېرگىيە، جۈملىدىن كۆمۈر، نېفىت، تەبىئىي گاز، سۇ ئېلېكتىرلار(دېھقانلار ئىشلىتىدىغان ئوتۇن، پاتقاق گازى، شامال كۈچى قاتارلىق ئېنېرگىيىلەر بۇنىڭ سىرتىدا) ئۆلچەملىك كۆمۈرگە سۇندۇرۇلغاندا، 1 مىليارد 260 مىليون توننا بولۇپ، دۇنيا بويىچە ئالدىنقى قاتاردا تۇرىدۇ. ئەمما مەملىكىتىمىزنىڭ ئاھالىسى كۆپ، ئادەم بېشىغا چاچقاندا ئوتتۇرا ھېساب بىلەن ھەر بىر كىشى يىلىغا سەرپ قىلىدىغان ئېنېرگىيە ئۆلچەملىك كۆمۈرگە سۇندۇرۇلغاندا 1.14 توننا بولۇپ، يەنىلا دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن تۆۋەن. ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى يۇقىرى ئەمەس، نۇرغۇن ئىسراپچىلىق ئەھۋاللىرى مەۋجۇت.

دۆلىتىمىز مول ئېنېرگىيە بايلىقىغا ئىگە. ئەمما ئۇنىڭ قۇرۇلمىسى تازا مۇۋاپىق ئەمەس، رايونلار بويىچە جايلىشىشى تەكشى ئەمەس. مەملىكىتىمىزنىڭ كۆمۈر بايلىقى ئىنتايىن مول، سۇ ئېلېكتىر مەنبەسى دۇنيا بويىچە بىرىنچى ئورۇندا تۇرىدۇ. بىراق ئېنىقلانغان زاپىسىدىن قارىغاندا، نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقى نىسبەتەن يېتەرسىز. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ يۇقىرى كۆتۈرۈلۈشىگە ئەگىشىپ، نېفىت ۋە گازغا بولغان ئېھتىياج مۇقەررەر ھالدا زور ھەجىمدە ئېشىپ بارىدۇ، بىز دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز بايلىقىنى تىرىشىپ ئېچىش بىلەن بىرگە، يەنە چەت ئەللەرنىڭ بىر قىسىم بايلىقىدىن پايدىلىنىشىمىز كېرەك.

ئېلېكتىر—ئىلغار ۋە پايدىلىنىشقا ئەپلىك ئېنېرگىيىدۇر. ئىلگىرى ئېلېكتىر بىلەن تەمىنلەش يېتەرسىز ئىدى، شۇڭا "توكنى توختىتىپ توك ئىشلىتىشكە چەك قويۇش"، "كۈن ئارىلاپ توك بېرىش" ئىشى

دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادىي تەرەققىياتىغا ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇشىغا ئۇزاق مۇددەت تەسىر قىلىپ كەلگەن مەسىلە ئىدى. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئېلېكتر سانائىتى بىرقەدەر تېز سۈرئەتتە تەرەققىي قىلدى، ھازىر گېنېراتور سىغىمچانلىقى 230 مىليون كىلوۋاتتىن ئېشىپ، دۇنيا بويىچە ئىككىنچى ئورۇنغا ئۆتتى. كۆپ قىسىم رايونلارنىڭ ئېلېكتردىن تەمىنلىنىش جىددىيچىلىكى پەسەيدى. يەنە بەزى رايونلاردا ئېلېكتر كۈچى يەنىلا يېتەرسىز، ئاز بىر قىسىم رايونلاردا ئېلېكتر كۈچىدىن تەمىنلەش تەلەپتىن ئېشىپ كېتىدىغان ۋاقىتلىق ئەھۋالمۇ كۆرۈلدى.

بىز 9-بەش يىللىق پىلانىنى ۋە 2010-يىلغىچە كۆزلەنگەن كەلگۈسى تەرەققىيات پىلانىنى تۈزۈپ چىقتۇق، 9-بەش يىللىق پىلاننىڭ باشلىنىشى يامان ئەمەس بولۇۋاتىدۇ. مەملىكىتىمىز ئىچىدىكى ۋە خەلقئارادىكى شەرت-شارائىتقا قارىغاندا، دۆلىتىمىزنىڭ ئىقتىسادى ئۇزاق مۇددەت مۇقىم تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. بۇنىڭدىكى مۇھىم بىر ئامىل ئېنېرگىيە سانائىتىنىڭ خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتىنىڭ ئېھتىياجىغا ماسلىشىش-ماسلىشالماسلىقىدىن ئىبارەت. بۇنىڭغا ماسلىشالايدۇ دەپ ئېنىق جاۋاب بېرىمىز، چۈنكى دۆلىتىمىز مول ئېنېرگىيە بايلىقىغا ئىگە، تۇرلۇك ئېنېرگىيە بايلىقلىرىنى ئېچىش ئۈچۈن مۇكەممەل سىستېما بەرپا قىلىندى، پەن تەتقىقات، تەكشۈرۈش، لايىھىلەش، قۇرۇش ئىشلىرىدىن تارتىپ ئىشلەپچىقىرىش-ئىگىلىك باشقۇرۇشقىچە بولغان ھەممە ساھەلەردە تەجرىبىگە مول، سۈپىتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان ئېنېرگىيە زور قوشۇنى بارلىققا كەلدى، ئىزدىنىش ئارقىلىق جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان بىر يۈرۈش ئېنېرگىيە سىياسىتى شەكىللەندى. ئالغا ئىلگىرىلەش يولىدا گەرچە يەنىلا قىيىنچىلىقلارغا يولۇقىدىغان بولساقمۇ، بىراق جۇڭگو ئېنېرگىيە ئىشلىرىنىڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا بولغان ئىشەنچىمىز كامىل.

## 1. كۆمۈر سانائىتىدە چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكىلەرنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم

كۆمۈر سانائىتى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرىدىغان ۋە خەلق تۇرمۇشىغا كاپالەتلىك قىلىدىغان ئاساسىي كەسىپ. جۇڭگودا ئېنېرگىيىنىڭ 70%تىن كۆپرەكى كۆمۈردىن كېلىدۇ، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىل ئىچىدە، ئېنېرگىيە قۇرۇلمىسى جەھەتتىكى بۇ خىل ئەھۋالدا زور ئۆزگىرىش بولمايدۇ. ئەمما كۆمۈر تېخىمۇ زور مىقداردا ئېلېكتر ۋە كۆمۈر گازىغا، ھەتتا كۆمۈر بوتقىسى ۋە سۇيۇقلاندۇرۇلغان ماي قاتارلىق سۇيۇق يېقىلغۇغا ئايلىنىپ، جەمئىيەتنى تېخىمۇ پاكىز ئېنېرگىيە بىلەن تەمىن ئېتىدۇ.

ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلۇشتىن ئىلگىرى دۆلىتىمىزدە ئىقتىسادىي جەھەتتە بىرنەچچە قېتىم چوڭ داۋالغۇش يۈز بەرگەنىدى. بۇنىڭ سەۋەبى كۆپ تەرەپلىك بولسىمۇ، ئەمما ئىقتىسادنىڭ

www.uyghurkitap.com

يۈكسىلىش سۈرئىتىنىڭ ھەر قېتىم تۆۋەنلەپ كېتىشى كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشتا تەمىنلەش ئېھتىياجىنى قاندۇرالماسلىق ئەھۋالىنىڭ كېلىپ چىقىشى بىلەن بىۋاسىتە مۇناسىۋەتلىك بولغان. ”كۆمۈر مەھسۇلاتىغا قاراپ ئېلېكتر چىقىرىش مىقدارىنى بېكىتىش، ئېلېكتر چىقىرىش مىقدارىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى بېكىتىش“ يولىنى تۇتۇپ، پۈتكۈل ئىقتىسادىي خىزمەتتە كۆن بويى كۆمۈر ۋە ئېلېكترنى يۆتكەش، تەقسىملەش بىلەن بەنت بولۇپ يۈرەتتۇق. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش ئىشى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، كۆمۈر ساناھىتىنىڭ تېز تەرەققىي قىلىشى بىلەن، بۇ خىل ئەھۋال پەيدىنپەي ئۆزگەردى. 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە كۆمۈرنىڭ ئىشلەپچىقىرىلىشى بىلەن سېتىلىشى ئاساسەن تەڭپۇڭلاشتى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىشلەپچىقىرىش سېتىلىشتىن سەل كۆپرەك بولدى، ئۇنىڭ ئۈستىگە بەلگىلىك مىقداردا ئېكسپورت قىلىنىدىغان بولدى. خەلق ئىگىلىكىدە ”كۆمۈر مەھسۇلاتىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى بېكىتىدىغان“ ھالەتتىن كۆمۈردە ”سېتىش ئەھۋالىغا قاراپ ئىشلەپچىقىرىش پىلانىنى بېكىتىدىغان“ ھالەتكە ئۆتتۇق، بۇ نېمىدېگەن زور ئۆزگىرىش -ھە! 1996-يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليارد 380 مىليون تونىغا يەتتى، دېمەك مەملىكىتىمىز دۇنيا بويىچە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشتا بىرىنچى چوڭ دۆلەت بولۇپ قالدى، بۇ ئاساسەن جۇڭگونىڭ ئەھۋالىغا باب كېلىدىغان كۆمۈر ساناھىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىنى ئىجرا قىلغانلىقىمىزدىن، يەنى مەركەز بىلەن جايلاردىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى جارى قىلدۇرۇپ، چوڭ، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكىلەرنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش يولىنى تۇتقانلىقىمىزدىن بولغان.

ھازىر مەركەزگە قاراشلىق كۆمۈر كانلىرى بىلەن يەرلىك كانلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنىڭ نىسبىتى ئاساسىي جەھەتتىن 6:4 بولۇپ، يەرلىك كانلارنىڭ مەھسۇلات مىقدارى كۆپ قىسمىنى تەشكىل قىلىدۇ. يەرلىك كۆمۈر كانلىرى ئىچىدە بولسا، ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كۆمۈر كانلىرى، يېزا-بازار باشقۇرۇشىدىكى كوللېكتىپ كۆمۈر كانلىرى ئاساس قىلىنىدۇ. ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى يېزا-بازار كۆمۈر كانلىرىنى قۇرۇش ئارقىلىق تارقاق كۆمۈر بايلىقىدىن ۋە مول يېزا ئەمگەك كۈچلىرىدىن پايدىلانغىلى بولىدۇ، بۇنداق كانلارنى دېھقانلار ئۆزى مەبلەغ چىقىرىپ قۇرىدىغان بولغاچقا، ئۇ يەنە مەبلەغ ئاز كېتىدىغان، ئىشلەپچىقىرىشقا تېز كىرىشتۈرگىلى بولىدىغان، سەرپىيات بىلەن ھاسىلات نىسبىتى يۇقىرى بولىدىغان ئالاھىدىلىككە ئىگە بولۇپ، يېزا ئىقتىسادىنىڭ تەرەققىياتىغا ۋە دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشىغا پايدىلىق. ھازىر يېزا-بازار كۆمۈر كانلىرىنىڭ ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 610 مىليون تونىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە ئومۇمىي كۆمۈر مەھسۇلات مىقدارىنىڭ تەخمىنەن 47 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ. ئوتتۇرا-كىچىك تىپتىكى يېزا-بازار كۆمۈر كانلىرىنىڭ ئاجىزلىقلىرىمۇ بار، بەزىلىرىنىڭ ھەتتا ئېغىر ئاجىزلىقلىرى بار. ئاساسەن يامان سۈپەتلىك ھادىسىلەرنىڭ كۆپ بولۇشى، كۆمۈر بايلىقىنى قايتۇرۇۋېلىش نىسبىتىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، بايلىق ئىسراپچىلىقىنىڭ بىرقەدەر ئېغىر بولۇشى، مۇھىت ئاسراش ئېڭىنىڭ تۆۋەن بولۇشى، مۇھىت بۇلغىنىشىنىڭ

ئېغىر بولۇشىدا ئىپادىلىنىدۇ. ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى بەزى يېزا-بازار كۆمۈر كانلىرى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ كانلار بىلەن مەبلەغ تالىشىدىغان، چوڭ كانلارنىڭ قۇدۇق دائىرىسى ئىچىدە كىچىك كان ئېچىپ، چوڭ كانلارنىڭ بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىشىغا تەھدىت سالىدىغان ئەھۋاللار كۆرۈلدى، ھەتتا بەزى چوڭ كانلاردا مۇشۇ سەۋەبتىن قۇدۇق ۋە خاڭ يوللىرىنى سۇ بېسىپ كېتىش، كان قۇدۇقلىرى ئۆرۈلۈپ چۈشۈشتەك ئېغىر ۋەقەلەرمۇ يۈز بەردى. ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كانلارنىڭ تەرتىپسىز كان ئېچىش مەسىلىسى ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەرنىڭ دىققىتىنى قوزغىدى، باشقۇرۇش قائىدىلىرىنى تۈزۈش، ئېچىش دائىرىسى-نى ئايرىش، كان ئېچىش تەرتىپلىرىنى رەتكە سېلىش ئارقىلىق ئەھۋال ياخشىلىنىشقا باشلىدى. ئۆتكەن يىلى «كۆمۈرچىلىك قانۇنى» ئېلان قىلىندى، يېزا-بازار كانلىرىنى قانۇنچىلىق كۆزقارىشىنى كۈچەيتىپ، قانۇن بويىچە كان ئېچىشقا يېتەكلەش كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ تارقاق كۆمۈر كان بايلىقىغا ئىگە بولۇشتەك دۆلەت ئەھۋالىغا ئاساسلانغاندا، خېلى ئۇزاق بىر مەزگىلگىچە ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كۆمۈر كانلىرىنى راۋاجلاندۇرۇپ، ئۇلارنىڭ رولىنى داۋاملىق جارى قىلدۇرۇشقا شارائىتىمىز بار. ئۇلارنىڭ يېتەرسىز تەرەپلىرىگە يېتەرلىك ئەھمىيەت بېرىشىمىز، ئاساسەن كۆلەملىك ئىگىلىكنى يولغا قويۇش ۋە تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش ئارقىلىق تۈگىتىشىمىز كېرەك. 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر پىلان تۈزۈپ، نۇقتىلىق رايونلاردىكى نۇقتىلىق ئوتتۇرا، كىچىك كانلارنى ئۆزگەرتىشنى ئوبدان تۇتۇپ، تاق قۇدۇقنىڭ ئىگىلىك باشقۇرۇش كۆلىمىنى تەدرىجىي ھالدا يىلىغا 100 مىڭ توننىدىن 150 مىڭ توننىغىچە مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىدىغان سەۋىيىگە يەتكۈزۈشى كېرەك. بىخەتەر ئىشلەپچىقىرىش شارائىتىنى زور كۈچ بىلەن ياخشىلاپ، تېخنىكا جاھازلىرىنى يېرىم ماشىنىلىشىش سەۋىيىسىگە پەيدىنپەي يەتكۈزۈپ، كۆمۈر بايلىقىنى قايتۇرۇۋېلىش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈشى، بىر تۈركۈم يۇقىرىراق سەۋىيىگە ئىگە باشقۇرۇش خادىملىرىنى ۋە تېخنىك تايانچلارنى تەربىيىلەپ يېتىشتۈرۈپ، يېزا-بازار كۆمۈر كانلىرىنى يېڭى بىر سەۋىيىگە كۆتۈرۈشى لازىم. پۈتۈن مەملىكەت نۇقتىسىدىن ئېيتقاندا، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە يېرىمىدىن كۆپرەك يېزا-بازار كۆمۈر كانلىرىنىڭ يېرىم ماشىنىلىشىش سەۋىيىسىگە يېتىشى ۋە مۇئەييەن ئىگىلىك كۆلىمىگە ئىگە بولۇشى تەلەپ قىلىنىدۇ. ھازىر بەزى جايلاردا يېزا-بازار كۆمۈر كانلىرىدىن قالايمىقان ھەق ئالىدىغان، قالايمىقان سېلىق سالىدىغان، ھەممە تەرەپتىن كېلىپ كۆمۈر كانلىرىدىن نەپ ئېلىۋالىدىغان ئەھۋاللار خېلىلا ئېغىر. بەزى كۆمۈر كانلىرىدا تاپقان پايدىنى يەپ، تەقسىملەپ تۈگىتىۋېتىپ، مەبلەغ جۇغلاشقا كۆڭۈل بۆلمەيدىغان، تېخنىكا ئۆزگەرتىشكە ئېتىبار بەرمەيدىغان ئەھۋاللارمۇ بار. مۇشۇنداق ناچار قىلىقلار ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى كۆمۈر كانلىرىنىڭ تەرەققىياتىغا توسالغۇ بولماقتا. ھەر دەرىجىلىك يەرلىك ھۆكۈمەتلەر يېزا-بازار كۆمۈر كانلىرىغا قارىتا قوغداش سىياسىتىنى قوللىنىپ، نامۇۋاپىق ھەق ئېلىش تۈرلىرىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇپ، ئۇلارنىڭ سېلىقىنى ھەققىي يېنىكلىتىش بىلەن بىرگە، يېزا-بازار كۆمۈر كانلىرىنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا پايدىلىق بولسۇن ئۈچۈن، يېزا-بازار كۆمۈر كانلىرىنىڭ تەرەققىيات

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

فوندىنى ئورنىتىشى كېرەك.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كۆمۈر كانلىرى كۆمۈر سانائىتىنىڭ ئاساسلىق كۈچى، ئۇلار خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ئۈچۈن زور تۆھپە قوشقان بولۇپ، كۆمۈر سانائىتى بويىچە ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ ۋەكىلى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، كۆمۈر كان ئىشچىلىرى بولسا ئالاھىدە جەڭگىۋار قوشۇن. گەرچە بېزا-بازار كۆمۈر كانلىرىنىڭ باش كۆتۈرۈپ چىقىشى بىلەن دۆلەت ئىگىلىكىدىكى نۇقتىلىق كۆمۈر كانلىرىنىڭ كۆمۈر ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى ئىچىدە ئىگىلىگەن نىسبىتى تۆۋەنلەپ كەتكەن بولسىمۇ، ئۆتكەن يىللىق مەھسۇلات مىقدارى يەنىلا 530 مىليون توننىغا يېتىپ، مەملىكەت بويىچە كۆمۈر ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارىنىڭ 39 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىپ، يەنىلا ھەل قىلغۇچ ئورۇندا تۇرىدۇ. دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كۆمۈر كانلىرىنىڭ جاھازلىرى بىرقەدەر ئىلغار، بىخەتەرلىك تەدبىرلىرى بىرقەدەر تولۇق، ئەمگەك ئۈنۈمدارلىقى بىرقەدەر يۇقىرى، كۆمۈر مەھسۇلاتىنىڭ سۈپىتى بىرقەدەر يۇقىرى، تۈرلىرى بىرقەدەر تولۇق، ئىشلەپچىقىرىشىمۇ نىسبەتەن مۇقىم. ئۇلار ئىشلەپچىقارغان كۆمۈر ئۆلكە، رايونلار ھالقىپ يۆتكىلىدىغان ۋە ئېكسپورت قىلىنىدىغان كۆمۈرنىڭ ئاساسلىق مەنبەسى بولۇپ، دۆلەتنىڭ ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ئېلىپ بېرىشتىكى مۇھىم ماددىي ۋاستىسى. ئىلغار بولغان ئۈنۈۋېرسال كۆمۈر قېزىش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ كەڭ قوللىنىلىشى بىلەن، كۆپلىگەن چوڭ كۆمۈر كانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىش ئۈنۈمدارلىقى ۋە بىخەتەرلىك سەۋىيىسى ئىنتايىن زور دەرىجىدە ئۆستى. بىر ئۈنۈۋېرسال قېزىش ئۈسكۈنىسىنى 100دىن ئارتۇق كان ئىشچىسى باشقۇرىدۇ، ئۇنىڭ بىلەن يىلىغا 1 مىليون توننىدىن 2 مىليون توننىغىچە كۆمۈر ئىشلەپچىقارغىلى بولىدۇ، ئايرىملىرىنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 3 مىليون توننىغا يېتىدۇ. دۆلىتىمىز ھازىر پۈتۈن بىر يۈرۈشلۈك ئۈنۈۋېرسال قېزىش ئۈسكۈنىسىنى ياساش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپ قالدى، بۇنىڭدىن كېيىن بۇ خىل ئۈسكۈنە بىلەن تېخىمۇ كۆپ كۆمۈر كانلىرىنى جاھازلاپ، كۆمۈر سانائىتىگە بولغان تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئىشلىرىنى تېخىمۇ كۈچلۈك ھالدا ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كۆمۈر كانلىرى ئاز بولمىغان قىيىنچىلىقلارغىمۇ يولۇقۇۋاتىدۇ. ئۇنىڭ سەۋەبى كۆپ تەرەپلىك: بەزى كۆمۈر كانلىرى ياكى بايلىق مەنبەسىنىڭ قۇرۇپ كېتىش سەۋەبىدىن، ياكى پېنسىيىگە چىققان خادىملارنىڭ كۆپ بولۇش، ئارتۇق ئادەملەرنىڭ كۆپ بولۇش، ئىجتىمائىي سېلىقى ئېغىر بولۇش سەۋەبىدىن، ياكى ئىگىلىك باشقۇرۇشى ياخشى بولماسلىق سەۋەبىدىن، ياكى دۆلەتنىڭ كۆمۈر باھاسىنى چەكلەش تەسىرىگە ئۇچرىغانلىق سەۋەبىدىن زىيان تارتىش ھالىتىدە تۇرماقتا. كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىكىگە بىۋاستە قاراشلىق دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كۆمۈر كانلىرى بىر مەھەل پۈتۈن كەسىپ بويىچە زىيان تارتقان، 1992-يىلى پۈتۈن كەسىپ بويىچە تارتقان زىيان 5 مىليارد 750 مىليون يۇەنگە يەتكەن. كۆمۈر كان كارخانىلىرىنىڭ قىيىنچىلىق ھالىتىدىن قۇتۇلۇشىغا ياردەم بېرىش ئۈچۈن، دۆلەت زىيانغا ئىقتىسادىي ياردەم بېرىش، باشقا مەھسۇلات ئىشلەپچىقىرىشقا يۈزلەنگەن كارخانىلارغا ئۆستەك

ئۆسۈملۈك قەرز پۇل بېرىش، قوشۇلما قىممەت بېجىنى قايتۇرۇش ۋە تېخنىكا ئۆزگەرتىش مەبلىغىنى ئاشۇرۇش قاتارلىق بىر قاتار سىياسەت تەدبىرلىرىنى قوللىنىپ، ئۇلارنىڭ زىيىنىنى تۈگىتىپ، پايدىنى ئاشۇرۇشىغا زۆرۈر بولغان تاشقى شارائىت يارىتىپ بەردى. ئەمما كۆمۈر كارخانىلىرىنىڭ تۈپ چىقىش يولى ئىسلاھاتنى چوڭقۇرلاشتۇرۇشتا. كۆمۈر سانائىتى مىنىستىرلىكى ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى مەركەز قىلىش، زىيىنىنى تۈگىتىپ پايدىنى ئاشۇرۇشنى نىشان قىلىش ۋە كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشنى ئاساس قىلىش، كۆپ خىل ئىگىلىكنى يولغا قويۇش، ئۇنىۋېرسال تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىنى يولغا قويدى، مەھسۇلاتقا قاراپ ئادەمنى بېكىتىش، ئادەمنى قىسقارتىپ ئۈنۈمنى ئاشۇرۇش، باشقا كەسىپلەرگە يۆتكەپ ئادەمنى ئايرىش، قۇرۇلمىنى سەرخىللاش-تۇرۇش، باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش قاتارلىق تەدبىرلەرنى قوللاندى. ئەمەلىيەت بۇ فاڭجېن ۋە تەدبىرلەرنىڭ ئۈنۈم بەرگەنلىكىنى ئىسپاتلىدى. 1992-يىلى دۆلەتنىڭ كۆمۈرچىلىك كەسپىگە زىياننى ھۆددىگە ئېلىش ئۈچۈن 5 مىليارد 800 مىليون يۈەن بەرگەن، 1996-يىلى ئەمەلىي زىيان سوممىسى 4 مىليارد يۈەنگە چۈشتى، مۆلچەرلىنىشىچە بۇ يىل پۈتۈن كەسىپ بويىچە زىيان تۈگەپ پايدا ئېلىنىدۇ. بۇ خىل ئۆزگىرىش شۇنى تولۇق چۈشەندۈرىدۇكى، دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆمۈر كان كارخانىلىرىنى ياخشىلىغىلى بولىدۇ، ھازىرغىچە قىيىنچىلىقتا تۇرۇۋاتقان دۆلەت كارخانىلىرىنىمۇ ياخشىلىغىلى بولىدۇ.

دۆلەت ئىگىلىكىدىكى چوڭ، ئوتتۇرا كۆمۈر كانلىرىنىڭ ئىشلەپچىقىرىشىدا بەلگىلىك ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلاپ قېلىش كېرەك، ئەمما تېخىمۇ مۇھىمى ئىككى تۈپ خاراكتېرلىك بۇرۇلۇشنى يولغا قويۇش لازىم. ھازىرقى بار كان قۇدۇقلىرى تېخنىكا ئۆزگەرتىش ئارقىلىق يوشۇرۇن كۈچلەرنى قېزىپ، ئەمگەك ئۈنۈمدارلى-قىنى ئۆستۈرۈپ، مەھسۇلاتنى ئاشۇرۇشى كېرەك. كۆمۈر بىلەن تەمىنلەش-سېتىش تۈزۈلمىسى ئۈستىدە ئۆزۈل-كېسىل ئىسلاھات ئېلىپ بېرىپ، ئىشلەپچىقىرىش بىلەن سېتىش ھالقىلىرىنى بىۋاستە باغلاش ئارقىلىق، ئوتتۇرا ھالقىلارنى ئازايتىپ، ئوبوروت راسخوتىنى تۆۋەنلىتىش كېرەك. تۆمۈريول ترانسپورتى دۆلەتنىڭ ئىلكىدە، سىرتقا يۆتكىلىدىغان كۆمۈر مەنبەلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى دۆلەت ئىگىلىكىدىكى كۆمۈر كانلىرىنىڭ ئىلكىدە، ئۇنىڭ ئۈستىگە دۆلەت ۋە جايلار كۆمۈر ئىشلىتىدىغان رايونلاردا زور مىقداردا زاپاس ساقلىسا، بازاردىكى كۆمۈر باھاسىنى تەڭشەپ، كۆمۈر كانلىرىنىڭ ۋە كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ مەنپەئىتىنى قوغدىغىلى بولىدۇ. كۆمۈر كانلىرى مەھسۇلات تۈرىنى كۆپەيتىپ، سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، سۈپەتلىك كۆمۈر، ئىسسىز كۆمۈر ۋە تازىلانغان كۆمۈرنى كۆپلەپ ئىشلەپچىقىرىپ، كۆمۈرنىڭ قوشۇلما قىممىتىنى ۋە كارخانىلارنىڭ ئۈنۈمىنى زور ھەجىمدە ئاشۇرۇشى لازىم. ئېلېكتر ئىستانسىسى كۆمۈرنىڭ ئاساسلىق ئىستېمالچىسى بولۇپ، كان رايونى ئېلېكتر ئىستانسىلىرىنى ئاكتىپ تەرەققىي قىلدۇرۇپ، كۆمۈر توشۇشنى توك يەتكۈزۈپ بېرىشكە ئۆزگەرتىش كېرەك، مۇشۇنداق قىلغاندا تۆمۈريول ترانسپورت ئىقتىدارىنى تېجەپ قالغىلى، ھەم كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىدىغان رايونلارنىڭ ئىقتىسادىي قۇرۇلمىسىدىكى بىر خىللىقنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى ئىقتىسادىي يۈكسىلىش نۇقتىسىنى ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ.

ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ زاپاس كۈچىنى ساقلاپ قېلىش ئۈچۈن، دۆلەت چوڭ تىپتىكى كۆمۈر كان قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىشى كېرەك، لېكىن بۇنىڭدا سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە مۇۋاپىق كېلىدىغان يېڭى كۆزقاراشنى تىكلەپ زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىگە باب كېلىدىغان يېڭى تۈزۈلمىنى ئورنىتىش كېرەك. ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش تېخنىكىسىنى قوللىنىش، قاتتىق بولغان تەننەرخ ھېساباتىنى يولغا قويۇش كېرەك، ئادەمنى ئاز ئىشلىتىش، تەقسىماتنى ئىشلەپچىقىرىشنىڭ بىرىنچى سېپىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەرگە ئېغىتىش، ئىش ئۈنۈمى ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كۆمۈر كانلىرى ئۆز-ئۆزىنى تەرەققىي قىلدۇرىدىغان، ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىشنى ئىشقا ئاشۇرىدىغان يولنى تېپىپ چىقىش كېرەك. يېڭىدىن قۇرۇلغان ئەنخۇي شىنجى كۆمۈر كانى زامانىۋى كۆمۈر كانى قۇرۇش ئۈچۈن تەجرىبە يارىتىپ بەردى. بۇ كاننىڭ قۇرۇلۇش مۇددىتى ئاران بەش يىل بولۇپ، ئۈچ يېرىم يىل ئۆتە-ئۆتمەيلا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىشقا باشلاپ، دوملىما تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرغان، پۈتۈن كاندا ئاران 800 ئىشچى-خىزمەتچى بولۇپ، يىللىق كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى 3 مىليون توننىغا يەتكەن، ئۇنىڭغا سېلىنغان ئومۇمىي مەبلەغ 570 مىليون يۈەن بولۇپ، بىر توننا كۆمۈر ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارىنى ھاسىل قىلىش ئۈچۈن 191 يۈەن كەتكەن. بۇ، كۆمۈر كان قۇرۇلۇشىدا مەبلەغ ئاز كەتكەن، پۈتۈش قىممىتى تۆۋەن، قۇرۇلۇشى تېز بولغانلارنىڭ ئۈلگىسى.

دۆلىتىمىزنىڭ كۆمۈر سانائىتى داۋاملىق تەرەققىي قىلىپ بارىدۇ. مۆلچەرلىنىشىچە، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە كۆمۈرنىڭ يىللىق ئوتتۇرىچە ئېشىش سۈرئىتى 2.3% بولۇپ، 2000-يىلغا بارغاندا ئومۇمىي مەھسۇلات مىقدارى 1 مىليارد 450 مىليون توننىغا يېتىدۇ. ئۇنىڭدىن 50 مىليون توننىسى ئېكسپورت قىلىنىدۇ. تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشى، كۆمۈرنىڭ تېجەشلىك بىلەن ئىشلىتىلىشى، كۆمۈرنىڭ ئورنىنى باشقا ئېنېرگىيە مەنبەلىرىنىڭ ئېلىشى، شۇنىڭدەك مۇھىت ئاسراشنىڭ نەزەرگە ئېلىنىشى ئارقىسىدا، كۆمۈرنىڭ بىرلەمچى ئېنېرگىيە مەنبەسى ئىچىدىكى نىسبىتى تۆۋەنلەپ بارىدۇ. كۆمۈر ئېشىشنىڭ ئېلاستىكلىق كوئېففىتسېنتى، يەنى كۆمۈرنىڭ ئېشىشى بىلەن مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىشىنىڭ نىسبىتى ھازىرقى 0.38 دىن 0.32 گە چۈشىدۇ. شەك-شۈبھىسىزكى، بۇ غايەت زور تەرەققىياتتۇر.

## 2. نېفىت سانائىتىدە شەرقىي رايونلارنى مۇقىملاشتۇرۇش، غەربىي رايونلارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش كېرەك

دۆلىتىمىزنىڭ نېفىت ۋە تەبىئىي گاز سانائىتىنىڭ ئاساسى ئاجىز، دۆلىتىمىز قۇرۇلغاندىن كېيىن ئاساسەن

يوقلۇقتىن تەرەققىي قىلغان. 1996 ـ يىلى مەملىكىتىمىزنىڭ نېفىت مەھسۇلات مىقدارى 158 مىليون توننىغا، تەبىئىي گاز مەھسۇلات مىقدارى 20 مىليارد 100 مىليون كۇب مېترغا يەتتى. داچىڭ نېفىتلىكىنىڭ ”ئۈچتە سەممىي بولۇش، تۆتتە قاتتىق بولۇش“، ”تۆتتە ئوخشاش بولۇش“ خىزمەت ئۇستىلى ۋە جاپاغا چىداپ كۈرەش قىلىش روھى پۈتۈن مىللىتىمىزنىڭ قىممەتلىك روھىي بايلىقى. نېفىت سېپىدىكى كەڭ ئىشچى-خىزمەتچىلەر دۆلىتىمىزنىڭ زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىغا گەۋدىلىك تۆھپە قوشتى.

ئەمما شۇنى سەگەكلىك بىلەن كۆرۈشىمىز كېرەككى، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تېزدىن تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، ئىجتىمائىي تەلەپ بارغانسېرى ئېشىپ، نېفىت ۋە تەبىئىي گازنىڭ ئېشىشى ئىقتىسادىي تەرەققىياتنىڭ ئېھتىياجىغا يېتىشەلمەيۋاتىدۇ. ھازىر دۆلىتىمىز نېفىت ئىمپورت قىلىدىغان دۆلەتكە ئايلاندى، مۆلچەرلىنىشىچە 9 ـ بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئىمپورت قىلىدىغان سان يەنىمۇ كۆپىيىدۇ. نېفىت، گاز بىلەن تەمىنلەشتىكى يېتىشمەسلىك مەسىلىسىنى ھەل قىلىشتا، ئالدى بىلەن ئۆزىمىزنىڭ نېفىت، گاز مەنبەلىرىنى ئېچىپ پايدىلىنىشنى ئاساس قىلىشىمىز كېرەك. دۆلىتىمىزنىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان نېفىت، تەبىئىي گاز مەنبەلىرىنىڭ ئەھۋالىغا ۋە نېفىتلىكلەرنىڭ جايلىشىشىغا ئاساسەن، نېفىت سانائىتىدە ”شەرقىي رايونلارنى مۇقىملاشتۇرۇش، غەربىي رايونلارنى راۋاجلاندۇرۇش“ فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇش لازىم. 1996 ـ يىللىق ئىشلەپچىقىرىش ئەھۋالىدىن قارايدىغان بولساق، شەرقىي رايونلاردىكى داچىڭ، شېڭلى، لياۋخې قاتارلىق نېفىتلىكلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 120 مىليون توننىدىن كۆپرەك بولغان، غەربىي رايونلاردىكى شىنجاڭ قارىماي، تارىم قاتارلىق نېفىتلىكلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارىنى قوشۇپ ھېسابلىغاندا 20 مىليون توننا بولغان، دېڭىزدىكى نېفىتلىكلەرنىڭ مەھسۇلات مىقدارى 15 مىليون توننىدىن كۆپرەك بولغان. داچىڭ نېفىتلىكى جۇڭگودىكى ئەڭ چوڭ نېفىتلىك بولۇپ، مۇقىم ھالدا 50 مىليون توننىدىن ئارتۇق نېفىت ئالغىلى 21 يىل بولغان. شۇ نېفىتلىك نېفىت قېزىشنىڭ ئوتتۇرا ۋە ئاخىرقى باسقۇچلىرىغا كىرگەن بولسىمۇ، ئىلغار تېخنىكا قوللانغانلىقى ۋە يېڭى نېفىت زاپىسىنى داۋاملىق بايقىۋاتقانلىقى تۈپەيلىدىن، داچىڭلىقلار 50 مىليون توننا نېفىت ئېلىش سەۋىيىسىدە يەنە 15 يىل مۇقىم مەھسۇلات ئېلىشقا تىرىشماقتا، ئۇلارنىڭ بۇنداق قىلىشقا ئۇلۇغ جاسارىتى ۋە يۈكسەك ئىرادىسى بار، ھەم تولۇق ئىلمىي ئاساسىمۇ بار. شەرقىي رايونلاردىكى ئۇنىڭدىن باشقا نېفىتلىكلەرمۇ تېخنىكا تەرەققىياتىغا تايىنىپ، بايلىق قېزىش ئۈنۈمدارلىقىنى ئۆستۈرۈشى، ھەمدە ئۈزلۈكسىز تۈردە يېڭى نېفىت زاپىسىنى ئىزدەپ تېپىپ، ھازىرقى نېفىت ئېلىش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ساقلاپ قېلىپ، مۇقىم مەھسۇلات ئېلىش نىشانىغا يېتىشى لازىم. بۇنىڭ ئۈچۈن، نېفىت سېپىدىكى ئىشچى-خىزمەتچىلەر بولۇپمۇ ئىنژېنېر-تېخنىك خادىملارنىڭ ئىنتايىن زور تىرىشچانلىق كۆرسىتىشىگە توغرا كېلىدۇ، نېفىت ئىشلەپچىقىرىش تەننەرخىمۇ مۇناسىپ ھالدا ئۆسىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ غەربىي رايونلىرىدا مول نېفىت، گاز بايلىقى بايقالدى. شىنجاڭنىڭ تارىم ئويمانلىقى، جۇڭغار ئويمانلىقى، تۇرپان ئويمانلىقى ۋە چىڭخەينىڭ سايدام ئويمانلىقى قاتارلىق ئويمانلىقلار گۈزەل

ئۇيغۇر كىتاب تورى www.uyghurkitap.com

ئىستىقبالغا ئىگە، هازىر بۇ جايلاردا نېفىت، گاز ئىشلەپچىقىرىش ئىقتىدارى مەلۇم دەرىجىدە شەكىللەندى، كەلگۈسىدە نېفىت مەھسۇلاتلىرىنى ئاشۇرۇش ئەنە شۇ جايلارغا باغلىق. لەنجۇ-شىنجاڭ تۆمۈريولىنىڭ قوش رېلىسلىق قىلىپ ياسىلىشى غەربتىكى نېفىتنى يۆتكەش ئۈچۈن ياخشى شارائىت يارىتىپ بەردى. مەھسۇلات مىقدارى مەلۇم دەرىجىگە بېرىپ يەتكەندە، نېفىت، گاز ئاققۇزۇش تۇربىلىرىنى ياتقۇزۇپ، ئۆز جايىنىڭ تەلپىنى قاندۇرغاندىن سىرت، نېفىت، گازنى شەرقىي ۋە جەنۇبىي رايونلارغىمۇ يۆتكىگىلى بولىدۇ. غەربىي رايونلاردىكى نېفىتلىكلەرنىڭ ئېچىلىشى غەربتىكى تەرەققىي تاپمىغان رايونلارغا ۋە ئاز سانلىق مىللەت رايونلىرىغا يېڭى تەرەققىي قىلىش پۇرسىتىنى كەلتۈرىدۇ.

تەبىئىي گاز بىر خىل يۇقىرى ئۈنۈملۈك، پاكىز يېقىلغۇ ۋە ئەلا سۈپەتلىك خىمىيە سانائىتى خام ئەشياسى. دۆلىتىمىزنىڭ تەبىئىي گاز ئېچىش دەرىجىسى بىرقەدەر تۆۋەن، ئىشلەپچىقىرىش كۆلىمى بىرقەدەر كىچىك، نېفىت مەھسۇلات مىقدارى بىلەن تەبىئىي گاز مەھسۇلات مىقدارىنىڭ نىسبىتى دۇنيانىڭ ئوتتۇرىچە سەۋىيىسىدىن خېلىلا تۆۋەن. بىرنەچچە يىل تىرىشىش ئارقىلىق، هازىر قۇرۇقلۇقتا ئاساسىي جەھەتتىن چۆگچەك، شەنشى-گەنسۇ-نىڭشا ۋە شىنجاڭدىن ئىبارەت ئۈچ يېڭى گاز رايونى شەكىللەندى، بۇ رايونلار-نىڭ تەكشۈرۈپ ئېنىقلانغان تەبىئىي گاز زاپىسى جەمئىي 1 تىرىليون 300 مىليارد كۇب مېتىر بولۇپ، تېز تەرەققىي قىلىش ئاساسىغا ئىگە بولىدۇ. نېفىت بىلەن گازنى تەڭ تەرەققىي قىلدۇرۇش فاڭجېنىدا چىڭ تۇرۇپ، تەبىئىي گاز ئېچىشقا سېلىنىدىغان سېلىنمىنى كۆپەيتىپ، تەبىئىي گازنى تەكشۈرۈش، ئېچىش، پىششىقلاپ ئىشلەش ۋە ئۈنۈمدىن پايدىلىنىش ئىشلىرىنى ياخشى يولغا قويۇپ، تەبىئىي گاز سانائىتىنىڭ تەرەققىياتىنى تېزلىتىش كېرەك. شىمالىي شەنشىدىن بېيجىڭغىچە بولغان گاز ئاققۇزۇش تۇربىسىنى ياتقۇزۇش قۇرۇلۇشى جىددىي ئېلىپ بېرىلماقتا. بۇ يىل گازنى بېيجىڭغا يەتكۈزۈپ بېرەلەيدىغاندەك تۇرىدۇ، بۇنىڭ بىلەن ئاممىنىڭ تۇرمۇشىغا ئىنتايىن چوڭ ئوڭايلىق تۇغدۇرۇپ بېرىلىدۇ. پايتەختنىڭ مۇھىتىمۇ ياخشىلىنىدۇ. تەبىئىي گازنى بېنزىن، دىزېلىنىڭ ئورنىدا ئاپتوموبىلنىڭ يېقىلغۇسى قىلىپ ئىشلىتىش تېخنىكا جەھەتتە بىرقەدەر پىششىپ يېتىلدى، گاز چىقىرىدىغان رايونلاردا شەھەر ۋە تاشيول ياقىلىرىغا جايلاشقان گاز پونكىت سىستېمىسى قۇرۇلسىلا، گازنى نېفىت ئورنىدا ئىشلىتىشنى پەيدىنپەي كېڭەيتىپ قوللانغىلى بولىدۇ.

دۆلىتىمىزنىڭ دېڭىزدە نېفىت ۋە تەبىئىي گازنى ئېچىش ئىشى ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ مەھسۇلى. 80-يىللارنىڭ ئوتتۇرىلىرىدا دېڭىزدىكى نېفىتلىكنى ئېچىشتا ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى يولغا قويۇپ، چەت ئەلنىڭ مەبلىغىنى ۋە تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈپ، خەۋپ-خەتەرلىك چارلاش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، چەت ئەل شىركەتلىرى بىلەن هەمكارلىشىپ جۇڭگونىڭ دېڭىزدىكى نېفىت، گاز بايلىقىنى قېزىشقا باشلىدۇق. چەت ئەل نېفىت كارخانىلىرىنىڭ بەزەنلىرى جۇڭگودا مۇۋەپپەقىيەت قازاندى، بەزەنلىرىنىڭ ئامىتى ئوڭدىن كەلمەي، نېفىت، گاز بايلىقىنى تاپالمىدى. جۇڭگو دېڭىزدىكى نېفىت، تەبىئىي گازنى ئېچىش ئىشىدا چەت ئەل بىلەن هەمكارلىشىش داۋامىدا تېخنىكا ئۆگىنىپ، تەجرىبە توپلاپ، پەيدىنپەي پىششىپ

يېتىلدى، ھەمدە خەلقئارادا ئومۇميۈزلۈك ئېقىۋاتقان زامانىۋى كارخانا تۈزۈمىگە ئاساسەن ئۆزىنىڭ دېڭىزدىكى نېفىت-گاز كارخانىلىرىنى قۇرۇپ، ياخشى سۈپەتلىك ئايلىنىش ئاساسىدىكى تەرەققىيات يولىغا چۈشتى.

مەيلى قۇرۇقلۇقتىكى ياكى دېڭىزدىكى نېفىت-تەبىئىي گاز كارخانىلىرى بولسۇن، ھەممىسى ئەمەلىي ئەھۋالغا ئاساسەن، ھەر يەرنىڭ ئەھۋالىغا بېقىپ ئىش كۆرۈش ئاساسىدا نېفىتنى پىششىقلاپ ئىشلەش كارخانىسى ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى كارخانىلىرىنى مۇۋاپىق ساندا قۇرۇپ، تۆۋەن ئېقىنلىق پىششىقلاپ ئىشلەش مەھسۇلاتلىرىنى ئىشلەپچىقىرىشى كېرەك. مۇشۇنداق قىلغاندا، بىر تەرەپتىن، ئۆز جايىدىكى نېفىت، گاز بايلىقلىرىدىن تولۇق پايدىلانغىلى بولىدۇ، يەنە بىر تەرەپتىن، نېفىت، گاز كارخانىلىرىنىڭ ئەمەلىي كۈچىنى ئاشۇرۇپ، چارلاش، ئېچىش ئۈچۈن زۆرۈر مەبلەغلەرنى توپلىغىلى بولىدۇ. نېفىت، گاز خىمىيە سانائىتى تۈرلىرىگە غايەت زور مىقداردا مەبلەغ سېلىشقا توغرا كەلگەچكە، بۇ خىزمەتنى چوقۇم دۆلەتنىڭ بىر تۇتاش پىلانلىشى ئارقىسىدا، ئاساسىي قۇرۇلۇش تەرتىپلىرىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش ئاساسىدا ئېلىپ بېرىپ، قارىغۇلارچە قۇرۇلۇش قىلىشتىن ۋە تەكرار قۇرۇلۇش قىلىشتىن ساقلىنىش لازىم.

نېفىت سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا مەۋقەنى دۆلەت ئىچىگە قويۇپ، دۇنياغا يۈزلىنىش، ئىككى خىل بايلىقتىن، ئىككى خىل بازاردىن ياخشى پايدىلىنىش كېرەك. باراۋەر بولۇش-ئۆزئارا مەنپەئەت يەتكۈزۈش ئاساسىدا، چەت ئەللەر بىلەن كۆپ خىل شەكىلدىكى ھەمكارلىقنى ئاكتىپ يولغا قويۇش، مەسىلەن، چەت ئەلدىكى نېفىت، گاز بايلىقىنى چارلاش، ئېچىش ئىشلىرىغا قاتنىشىش، تاشقى قۇرۇلۇشنى ياكى ئەمگەك مۇلازىمىتىنى ھۆددىگە ئېلىش، مۇقىم بولغان نېفىتنى ئىمپورت-ئېكسپورت قىلىش بازىرىنى بەرپا قىلىش، شۇ ئارقىلىق دۆلەتنىڭ نېفىت، گاز بىلەن ئۇزاق مۇددەت مۇقىم تەمىنلىنىشىگە كاپالەتلىك قىلىش لازىم.

## 3. كۆپ تەرەپلەر ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش، كۆپ يوللار بىلەن مەبلەغ توپلاپ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش يولىنى تۇتۇش كېرەك

ئېلېكتر سانائىتى خەلق ئىگىلىكىنىڭ باشلامچىسى، زامانىۋى ئىجتىمائىي تۇرمۇشنىڭ بەلگىسى. مەملىكىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيە بايلىقىنىڭ تارقىلىش ئەھۋالىغا ئاساسەن، ئېلېكتر سانائىتىدە ھەر يەرنىڭ شەرت-شارائىتىغا قاراپ ئىش كۆرۈش، سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىغا تەڭ تۇتۇش قىلىش، يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسىنى مۇۋاپىق تەرەققىي قىلدۇرۇش، بۇنىڭ بىلەن تەڭ قەدەممۇ قەدەم تورنى راۋاجلاندۇرۇش فاڭجېنىنى يولغا قويۇش لازىم. 1979-يىلدىن 1996-يىلغىچە، مەملىكىتىمىزنىڭ توك چىقىرىش مىقدارى ئوتتۇرا ھېساب بىلەن يىلىغا 8.3 پىرسەنتتىن ئاشقان بولۇپ، ئاساسىي جەھەتتىن خەلق ئىگىلىكى بىلەن

www.uyghurkitap.com

تەك قەدەمدە ئېشىپ تۇردى. 8-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، گېنېراتور سىغىمچانلىقى يىلىغا 15 مىليون كىلوۋاتتىن كۆپرەك ئېشىپ باردى. تەرەققىيات سۈرئىتىنىڭ تېز بولۇشى دۇنيا ئېلېكتر سانائىتى تەرەققىياتى تارىخىدىمۇ ئاز ئۇچرايدۇ. مەملىكىتىمىز ئېلېكتر سانائىتىنىڭ بىرقەدەر تېز ئېشىش سۈرئىتىنى ساقلىيالىشىدىكى تۈپ سەۋەب ئېلېكتر سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش توغرىسىدىكى پۈتۈن بىر يۈرۈش توغرا سىياسەتلەرنى ئىجرا قىلغانلىقىمىزدا. بىر نۇقتىغا يىغىنچاقلىغاندا، بۇرۇنقىدەك يالغۇز بىرلا تەرەپ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرىدىغان ئەندىزىنى ئۆزگەرتىپ، مەركەز، جايلار، كارخانىلار، ئىچكى مەبلەغ ۋە تاشقى مەبلەغ قاتارلىق ھەر تەرەپلەرنىڭ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش ئاكتىپلىقىنى قوزغاپ، كۆپ تەرەپلەر ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرىدىغان، كۆپ يوللار بىلەن مەبلەغ توپلاپ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرىدىغان يېڭى ئەندىزە شەكىللەندۈردۇق. بۇ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى پرىنسىپىغا ماس كېلىدۇ، ئۇ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ بىر روشەن نەتىجىسىدۇر.

ئېلېكتر سانائىتى ئۆزىگە خاس ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئىگە. ئېلېكتر سانائىتى مەلۇم دەرىجىدە مونوپول خاراكتېرىنى ئالغان ئاممىۋى پاراۋانلىق كەسپى، ئېلېكتر سانائىتى مەھسۇلاتلىرى ئىشلەپچىقىرىش، تەمىنلەش ۋە سېتىشنى بىرلا ۋاقىتتا ئورۇنداش ئالاھىدىلىكىگە ئىگە. ئۆز ئالدىغا ئايلىنىدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئىستېمالچىلارنى مۇقىم ھالدا توك بىلەن تەمىنلەش ۋەزىپىسىنى ئۈنۈملۈك ئورۇندىيالىشى ناھايىتى تەسكە چۈشىدۇ، ئۇنىڭ ئېلېكتر تورى ئارقىلىق كەڭ ئىستېمالچىلارنى توك بىلەن تەمىنلىشىگە توغرا كېلىدۇ. شۇڭا، كۆپچىلىكنى ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشقا ئىلھاملاندۇرۇش بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتنىڭ ئېلېكتر تورلىرىنى تەسىس قىلىپ، ئېلېكتر تورلىرىنى مەركەزلىك باشقۇرۇشىغا توغرا كېلىدۇ. قانۇن بويىچە ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش، قانۇن بويىچە ئېلېكتر تورلىرىنى باشقۇرۇش ئارقىلىق، ئېلېكتر تورلىرىنىڭ بىخەتەر، ئىشەنچلىك بولۇش دەرىجىسىنى ئۈزلۈكسىز ئۆستۈرۈپ، ئېلېكتر سانائىتىگە مەبلەغ سالغۇچىلار، تىجارەتچىلەر ۋە ئىستېمالچىلارنىڭ قانۇنلۇق ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش كېرەك.

مۇشۇ يىللاردىن بۇيان ئېلېكتر سانائىتىنىڭ تەرەققىياتى ئېلېكتر سانائىتى قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ بەرپا قىلىنىشى بىلەنمۇ مۇناسىۋەتلىك بولدى. مەركەزنىڭ تەستىقلىشى بىلەن 7-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدىن باشلاپ ھەر كىلوۋات سائەت توك پۇلىغا ئىككى تىيىن(تەخمىنەن ئوتتۇرىچە توك باھاسىنىڭ 7 پىرسەنتىنى تەشكىل قىلىدۇ) قوشۇپ ئېلىنىدىغان بولدى، بۇ پۇل ئېلېكتر سانائىتى قۇرۇلۇشىنىڭ مەبلەغ مەنبەسى قىلىنىپ، ئېلېكتر سانائىتى قۇرۇلۇشىدا مەبلەغ يېتىشمەسلىك زىددىيىتى پەسەيتىلدى. لېكىن ئايرىم جايلار ئېلېكتر سانائىتى قۇرۇلۇش مەبلىغىنىڭ پۇل يىغىش ئۆلچىمىنى ئۆز بېشىمچىلىق بىلەن يۇقىرى كۆتۈرۈپ، كارخانىلار ۋە ئاھالىلەرنىڭ يۈكىنى ئېغىرلىتىۋەتتى، ھەتتا بۇ پۇلنى باشقا ئېھتىياجلارغا ئىشلىتىۋالدى، بۇنداق ئەھۋالنى تېزدىن رەتكە سېلىش ۋە قېلىپقا چۈشۈرۈشكە توغرا كېلىۋاتىدۇ.

9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ۋە كېيىنكى ئەسىرنىڭ ئالدىنقى ئون يىلىدا ئېلېكتر سانائىتى يەنىلا

مەلۇم سۈرئەت بىلەن ئېشىپ تۇرۇشى كېرەك. ئىگىلىكنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنىڭ ئۆزگىرىشىنى، توكنى تېجەپ ئىشلىتىش تەدبىرىنىڭ كەڭ قوللىنىلىشىنى نەزەرگە ئالغاندا، ئېلېكتر قۇۋۋىتىنىڭ ئېلاستىكلىق كوئېففىتسېنتى(يەنى ئېلېكتر قۇۋۋىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتى بىلەن دۆلەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتىنىڭ ئېشىش سۈرئىتىنىڭ نىسبىتى) سەل تۆۋەنرەك بولسا بولىدۇ، مۆلچەرلىنىشىچە، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئۇ 0.8 ئەتراپىدا ساقلىنىدۇ. بۇنىڭغا ئاساسەن ھېسابلىغاندا، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە گېنېراتور سىغىمچانلىقى يىگىدىن 80 مىليون كىلوۋات كۆپىيىشى، يىلىغا تەخمىنەن 16 مىليون كىلوۋات كۆپىيىشى كېرەك، شۇنداق بولغاندىلا خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى، ئىجتىمائىي تەرەققىيات ۋە خەلق تۇرمۇشىنىڭ ئېلېكتر قۇۋۋىتىگە بولغان ئېھتىياجىغا ئاساسىي جەھەتتىن ماسلاشقىلى بولىدۇ. ئېلېكتر سانائىتىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتا تۆۋەندىكىدەك فاڭجېنلار قوللىنىلىشى كېرەك.

سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بىلەن ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىغا تەڭ تۇتۇش قىلىش فاڭجېنىنى داۋاملىق يولغا قويۇش كېرەك. ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشقا ئاز مەبلەغ كېتىدۇ، پۈتتۈش ۋاقتى قىسقا بولىدۇ، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ نىسبىتى يەنىلا 75 پىرسەنتنى ئىگىلەيدۇ. لېكىن ئوت ئېلېكتر ئىستانسىسى مۇھىتنى بۇلغايدۇ، يەنە كېلىپ زور مىقداردا كۆمۈر توشۇشقا توغرا كېلىدۇ، شۇڭا بۇنىڭدىن كېيىن چوڭ، ئوتتۇرا تىپتىكى شەھەرلەردە ئۇنى داۋاملىق كۆپلەپ تەرەققىي قىلدۇرماسلىق لازىم. كان رايونى ئېلېكتر ئىستانسىسىنى كۆپلەپ قۇرۇش، شۇنىڭ بىلەن بىرگە تازىلانغان كۆمۈر بىلەن توك چىقىرىش تېخنىكىسىنى تەتقىق قىلىش ۋە ئۆزلەشتۈرۈش لازىم. مەملىكىتىمىزدە توك چىقىرىشقا بولىدىغان سۇ كۈچى بايلىقى ناھايىتى مول، يەنە كېلىپ سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى بىر خىل پاكىز بولغان ھاسىلىي ئېنېرگىيە مەنبەسى بولۇپ، ئۇنى تولۇق ئېچىپ پايدىلىنىش لازىم. سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنىڭ دەۋرى ئۇزۇن، سېلىنمىسى كۆپ، ھەمىشە ئاھالىلەرنى كۆچۈرۈشتەك مۇرەككەپ مەسىلىلەرگە چېتىشلىق بولغانلىقتىن، بىر مەزگىلدىن بۇيان سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ مەملىكىتىمىز ئېلېكتر سانائىتىدە ئىگەللىگەن سالمىقى ئۈزلۈكسىز تۆۋەنلەپ كەتمەكتە، بۇنداق ئەھۋالنى ئۆزگەرتىش كېرەك. سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى راۋاجلاندۇرۇشنىڭ ھالقىسى مۇۋاپىق بولغان توك باھاسى سىياسىتىنى يۈرگۈزۈش، يىڭىدىن ھاسىل قىلىنغان توكقا يىڭى باھا قويۇش ۋە ئوخشاش مىقداردىكى توكقا ئوخشاش باھا قويۇشنى يولغا قويۇش، يەنى سۇ ئېلېكتر بىلەن ئوت ئېلېكترغا ئوخشاش بولغان تورغا كىرگۈزۈش باھاسى قويۇش لازىم، مۇشۇنداق قىلغاندا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قەرزنى قايتۇرۇش ئىقتىدارىغا ئىگە بولۇپلا قالماي، بەلكى دومىلىما تەرەققىياتنى ئىشقا ئاشۇرغىلى بولىدۇ. سەنشيا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇپ بولغان چاغدا، ئالغان قەرز پۇلمۇ قايتۇرۇلۇپ بولىدۇ، ئۇنىڭدىن كېيىن تاپقان پايدىنى باشقا چوڭ تىپتىكى سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش مەبلىغى قىلىشقا بولىدۇ. سۇ ئېلېكترنىڭ نىسبىتىنى قەدەممۇقەدەم يۇقىرى كۆتۈرۈپ، ئۇنى قەدەممۇقەدەم 30% ئەتراپىغا يەتكۈزۈش لازىم.

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

دۆلەت ئېلېكتر تورى قۇرۇش، ھەممە تەرەپلەر ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش يولىنى تۇتۇش لازىم. چوڭ ئېلېكتر تورىنىڭ شەكىللىنىشى ۋە ئۈزلۈكسىز تەرەققىي قىلىشى ئېلېكتر سانائىتىنى زامانىۋىلاشتۇرۇشنىڭ مۇقەررەر يۈزلىنىشى. ھازىر مەملىكىتىمىزدە رايوندىن ھالقىغان ئالتە چوڭ ئېلېكتر تورى ۋە بىرنەچچە ئۆلكە دەرىجىلىك مۇستەقىل ئېلېكتر تورى شەكىللەندى. توك بىلەن تەمىنلەشنىڭ بىخەتەر، ئىشەنچلىك بولۇش دەرىجىسىنى ئاشۇرۇش ۋە ئېلېكتر تورلىرىنى تۇتاشتۇرۇشتىن كېلىدىغان ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى قولغا كەلتۈرۈش ئۈچۈن، رايوندىن ھالقىغان قىسمەن ئېلېكتر تورلىرىنى ۋە ئۆلكە دەرىجىلىك ئېلېكتر تورلىرىنى توك بېرىش لىنىيىسى ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇش لازىم. سەنشىيا سۇ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنىڭ تۈرتكىسى بىلەن، مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بىرلەشمە ئېلېكتر تورى قۇرۇش ۋەزىيىتى قەدەممۇقەدەم شەكىللىنىدۇ. چوڭ ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى نۇرغۇن ئەۋزەللىكلەرگە ئىگە بولىدۇ. ئۇنىڭدا بىر تۇتاش پىلانلاپ، ئەقىلگە مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇش ئارقىلىق ئېلېكتر سانائىتى قۇرۇلۇشىدا ”چوڭ ھەم مۇكەممەل بولۇش“، ”كىچىك ھەم مۇكەممەل بولۇش“ ۋەزىيىتىنىڭ كېلىپ چىقىشىدىن ساقلانغىلى بولىدۇ. سىغىمچانلىقى چوڭ، پارامېترى يۇقىرى بولغان گېنېراتور گۇرۇپپىسى قوللىنىلىدىغانلىقى ئۈچۈن، سېلىشتۇرما مەبلەغ ئاز كېتىش، ئۈنۈمى يۇقىرى بولۇش، قۇرۇلۇش دەۋرى قىسقا بولۇشتەك ئارتۇقچىلىققا ئىگە بولىدۇ. چوڭ ئېلېكتر تورى ئېلېكتر سانائىتىدە كۆلەملىك ئىگىلىكنى يولغا قويۇشنىڭ ئىپادىسى بولۇپ، يۈكسىلىش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن كېلىدۇ. چوڭ ئېلېكتر تورىنىڭ شەكىللىنىشى باشقۇرۇشنىمۇ قىيىنلاشتۇرىدۇ، بىخەتەرلىككە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، ئېلېكتر تورىنى ئىلغار تېخنىكىلىق ئۈسكۈنىلەر بىلەن باشقۇرۇشقا توغرا كېلىدۇ. ئۇچۇر قۇرۇلۇشى مۇقەررەر ھالدا ئېلېكتر تورىنى باشقۇرۇش جەھەتتە كەڭ قوللىنىلىپ، ئېلېكتر تورىنىڭ بىخەتەرلىكىگە كاپالەتلىك قىلىش ۋە ئىقتىسادىي ئۈنۈمنى ئاشۇرۇشتا مۇھىم رول ئوينايدۇ.

چوڭ كۆلەملىك ئېلېكتر سانائىتى قۇرۇلۇشى زور مىقداردىكى مەبلەغقە موھتاج. بۇنىڭدا يەنىلا كۆپ يوللار بىلەن مەبلەغ توپلاپ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇش چارىسىنى قوللىنىش لازىم، يەنى دۆلەت بىر ئاز پۇل چىقىرىش، جايلار بىر ئاز پۇل چىقىرىش، كارخانىلار(جۈملىدىن ئېلېكتر سانائىتى كارخانىلىرىدىن باشقا كارخانىلار) بىر ئاز پۇل چىقىرىش، بانكىلار بىر ئاز پۇل قەرز بېرىش چارىسىنى قوللىنىش لازىم. ئېلېكتر سانائىتى كارخانىلىرىنىڭ يۇقىرى ئىناۋىتى ۋە مۇقىم بازىرى بولغانلىقتىن، دۆلەت ئىچى ۋە سىرتىدىكى مەبلەغ بازارلىرىدىن مەبلەغ توپلىسا بولىدۇ. چەت ئەللەردىكى ۋە چېگرا سىرتىدىكى كارخانىلارنىڭ مەبلەغ سېلىپ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇشىنى قارشى ئالىمىز، ئۇنىڭدا ھەر خىل ئۇسۇللارنى قوللانسا بولىدۇ، شېرىكلەشكەن كارخانىلارنى قۇرسا، ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنى قۇرسا، ياكى BOT شەكلىدىكى كارخانىلارنى قۇرسا بولىۋېرىدۇ. ئېلېكتر سانائىتى دۆلەتنىڭ ئاساسىي كەسپى، ئۇنىڭ ئۈستىگە ئۇنىڭ سېلىنغان مەبلەغدىن پايدا تېپىش ئۈنۈمى بىرقەدەر مۇقىم بولىدۇ، شۇڭا جۇڭگو-چەت ئەل شېرىكچىلىكىدى-

كى چوڭ تىپتىكى ئېلېكتر ئىستانسىسىغا نىسبەتەن، جۇڭگو تەرەپ ئادەتتە زورۇر بولغان پاي چېكىنى كونترول قىلىش ھوقۇقىنى ئۆز قولىدا تۇتۇشى كېرەك.

بۇنىڭدىن كېيىن چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرغاندا، بولۇپمۇ خەلقئارا پۇل مۇئامىلە تەشكىلاتىنىڭ مەبلىغىدىن ياكى بازاردىن يىغىلغان مەبلەغدىن پايدىلانغاندا، ئىمكانقەدەر دۆلەتمىزدە ئىشلەنگەن توك چىقىرىش ئۈسكۈنىلىرىنى سېتىۋېلىش لازىم. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، دۆلەتمىزدە ئىشلەنگەن ئۈسكۈنىلەرنىڭ سۈپىتى ۋە يۈرۈشلەشتۈرۈش ئىقتىدارىنى تىرىشىپ ئۆستۈرۈپ، سېتىلغاندىن كېيىنكى مۇلازىمەتنى ياخشى ئىشلەپ، رىقابەت ئىقتىدارىنى ئۆستۈرۈش لازىم.

ئېلېكتر سانائىتى قۇرۇلۇشىدا توك يەتكۈزۈش، بېسىم ئۆزگەرتىش قۇرۇلۇشىغا ئەھمىيەت بەرمەسلىك، "توك چىقىرىشقا ئەھمىيەت بېرىش، توك تەمىنلەشكە سەل قاراش، ئىشلىتىش بىلەن كارى بولماسلىق" تەك ئىللەتلەر ساقلىنىۋاتىدۇ. ئېلېكتر ئىستانسىسى قۇرۇلغىنى بىلەن، توك بېرىش لىنىيىسى تەڭ قەدەمدە قۇرۇلمىغانلىقتىن، توك بولسىمۇ يوللاپ بەرگىلى بولمايۋاتىدۇ. توك تەمىنلەش ئۈسكۈنىسى بىر سىستېما قۇرۇلۇشىدۇر. نۇرغۇن رايونلاردىكى ئېلېكتر تورىنىڭ توك چىقىرىش ئىقتىدارى يېتەرلىك، لېكىن يېزا-بازارلارنىڭ توك تەمىنلەش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ قۇرۇلۇشى يۈرۈشلەشمىگەنلىكتىن، توك تەمىنلەش ئىشى چەكلىمىگە ئۇچراۋاتىدۇ. بەزى توك تەمىنلەش تورلىرىنىڭ ئىشەنچلىكلىكى يۇقىرى بولماي، تاق يول بىلەن توك تەمىنلەش ئەھۋالى ساقلىنىۋاتىدۇ. بىرەر ئىستېمالچى ياكى بىرەر توك يولىدا كۆتۈلمىگەن ۋەقەلەرنىڭ تۇغۇلۇشى بىلەن كەڭ دائىرە توك توختاپ قالىدىغان ئىشلار دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. ئىستېمالچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدىكى توك تەقسىملەش ئۈسكۈنىسى ۋە توك يولىنىڭ كۈندىن-كۈنگە ئېشىپ بېرىۋاتقان ئېلېكتر قۇۋۋىتىگە بولغان ئېھتىياجىنى قامدىيالماسلىقى خېلى ئومۇميۈزلۈك بىر مەسىلە بولۇپ، بۇ بەزى كونا ئاھالىلەر رايونى، ئاھالىلەر بىنالىرىدا تېخىمۇ كۆرۈنەرلىك بولۇۋاتىدۇ. خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسى ئۆستى، ئائىلىلەردە ئىشلىتىلىدىغان ئېلېكتر ئۈسكۈنىلىرى كۆپەيدى، ھاۋا تەڭشىگۈچ ۋە توڭلاتقۇلار توك سەرپىياتى بىرقەدەر يۇقىرى بولغان نەرسىلەر، ئەسلىدىكى توك يولى سىغىمىنىڭ يېتەرسىزلىكى ياكى ئۈسكۈنىنىڭ كونىراپ قېلىشى تۈپەيلىدىن، ئىستېمالچىلارنىڭ ئىچكى قىسمىدا توك توختاش ئىشلىرى دائىم يۈز بېرىپ تۇرىدۇ. بۇنىڭدىن كېيىن توك چىقىرىش ئىقتىدارىنى ئاشۇرۇشقا ئەھمىيەت بەرگەندىن سىرت، دۆلەت، ئورۇن، شەخسلەر ئورتاق كۆتۈرۈش ئۇسۇلىنى قوللىنىپ، ئېلېكتر تورى قۇرۇلۇشى ۋە توك تەمىنلەش، تەقسىملەش ئۈسكۈنىلىرىنىڭ يۈرۈشلەشكەن قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىش لازىم.

نۆۋەتتە توك باھاسى يەنىلا بىرقەدەر قالايمىقان بولۇپ، تازا مۇۋاپىق بولمايۋاتىدۇ. چىرىكلىك ھادىسىلىرىمۇ ساقلىنىۋاتىدۇ، بەزى توك بىلەن تەمىنلەش تارماقلىرى قولىدىكى ھوقۇقتىن پايدىلىنىپ، ئىستېمالچىلاردىن يۇقىرى باھادا توك پۇلى ئالىدىغان، باھا ئۈستىگە باھا قوشىدىغان ئەھۋاللار مەۋجۇت، بۇ ھال ئىستېمالچىلارنىڭ يۈكىنى ئېغىرلاشتۇرۇۋەتتى. ئېلېكتر مەنبەسى قۇرۇلمىسى، توك بېرىش ئارىلىقى

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ئوخشاش بولمىغانلىقتىن، مەملىكەت بويىچە بىرلا خىل توك باھاسىنىڭ بولۇشىنى تەلەپ قىلىشقا بولمايدۇ. ھەر ساھە-ھەر كەسىپلەرنىڭ توك ئىشلىتىش خاراكتېرى ئوخشىمىغانلىقتىن، ئېلىنىدىغان توك ھەققىمۇ ئوخشاش بولماسلىقى، توك ھەققىدە ئەقىلگە مۇۋاپىق پەرقلىق باھانى يولغا قويۇش لازىم. نۆۋەتتىكى توك ھەققى ئېلىش جەھەتتىكى قالايمىقان ئەھۋالنى ئوڭشاش ئۈچۈن، دۆلەت تەننەرخنى مۇۋاپىق ھېسابلاش، مۇۋاپىق پايدا ئېلىش، باج سوممىسىغا كىرگۈزۈش ۋە ئادىل يۈك كۆتۈرۈش پرىنسىپى بويىچە توك باھاسىنى بەلگىلىشى كېرەك، ھەرقانداق جايلار ۋە ئېلېكتر سانائىتى تارماقلىرى خالىغانچە باھا قوشۇۋېلىشقا بولمايدۇ. ئېلېكتر قۇۋۋىتىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش ئۈچۈن، توك ئىشلىتىش مىقدارى پەللىگە كۆتۈرۈلگەن بىلەن تۆۋەن چەككە چۈشكەن چاغلاردا، ئوخشىمىغان پەسىللەردە ۋە بايرام كۈنلىرىدە پەرقلىق باھانى پەيدىنپەي يولغا قويۇش لازىم. ئېلېكتر سانائىتى بىر خىل ئاممىۋى پاراۋانلىق كەسپى بولغاچقا، ئېلېكتر سانائىتى ساھەسىدىكىلەر مەنىۋى مەدەنىيەت قۇرۇلۇشىنى كۈچەيتىپ، خەلقنىڭ ئېلېكتر سانائىتىنى خەلق ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرىدىغان ياخشى كەسپىي ئەخلاقنى جارى قىلدۇرۇپ، كەسىپ جەھەتتىكى ناتوغرا ئىستىللارنى تۈزىتىپ، ئىستېمالچىلارغا ۋەدە بېرىش تۈزۈمىنى يولغا قويۇپ، مۇلازىمەت سەۋىيىسى ۋە سۈپىتىنى ئۆستۈرۈپ، كەڭ ئىستېمالچىلارنىڭ نازارەتچىلىكىنى قوبۇل قىلىشى لازىم.

دۆلەت ئېلېكتر سانائىتىنى باشقۇرۇش تۈزۈلمىسىگە قارىتا زور ئىسلاھاتلارنى ئېلىپ بېرىپ، دۆلەت ئېلېكتر شىركىتىنى قۇردى، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىلارنى ئايرىۋېتىشنى يولغا قويۇپ، ھۆكۈمەتنىڭ ئېلېكتر باشقۇرۇش فونكسىيىسىنى قەدەممۇقەدەم ئۇنىۋېرسال تارماقلارغا ئۆتكۈزۈپ بەردى. دۆلەت ئېلېكتر شىركىتى گوۋۇيۈەن ھوقۇق بەرگەن مەبلەغ سېلىش سۇبيېكتى ۋە مۈلۈك باشقۇرۇش سۇبيېكتى، شۇنداقلا رايوندىن ھالقىغان ھالدا توك يەتكۈزۈپ بېرىدىغان ئىقتىسادىي گەۋدە ۋە دۆلەتنىڭ ئېلېكتر تورىنى بىر تۇتاش باشقۇرىدىغان كارخانا تىپىدىكى قانۇنىي ئىگىدۇر. جۇڭگو ئېلېكتر قۇۋۋىتى جەمئىيىتىنىڭ ئېلېكتر سانائىتى كارخانىلىرى ئۆزلۈكىدىن قاتناشقان كەسىپ بىرلەشمە تەشكىلاتى بولۇش رولىنى جارى قىلدۇرۇش لازىم. سۇ ئېلېكتر ۋە كۆمۈر بايلىقىنىڭ كۆپ قىسمى غەربىي رايونلاردا، ئەكسىچە توك ئىشلىتىش مىقدارىنىڭ كۆپ قىسمى شەرقىي رايونلاردا بولغانلىقتىن، غەربنىڭ توكىنى شەرققە يوللاش ۋەزىيىتى ئۇزاققىچە ساقلىنىدۇ. يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا مەملىكەتلىك ئېلېكتر تورىنى شەكىللەندۈرۈش بىر خىل مۇقەررەر يۈزلىنىش بولۇپ، دۆلەت ئېلېكتر شىركىتى بۇ ۋەزىپىنى ئۈستىگە ئېلىشى كېرەك. دۆلەت ئېلېكتر شىركىتى ئۆزىگە قاراشلىق رايوندىن ھالقىغان ئېلېكتر تورى ۋە ئۆلكىلىك ئېلېكتر شىركەتلىرىنىڭ ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇشىغا، پايدا-زىيانغا ئۆزى ئىگە بولۇشىغا دادىل يول قويۇشى، ئېلېكتر تورىنىڭ ئەسلىدە بار بولغان باشقۇرۇش ھوقۇقى ۋە ئۈستىگە ئالغان مەسئۇلىيىتىنى قايتۇرۇۋالماسلىقى لازىم. ئېلېكتر تورى ۋە ئۆلكىلىك ئېلېكتر شىركەتلىرى ئۆزىگە قاراشلىق ئېلېكتر ئىستانسىلىرى ۋە توك بىلەن تەمىنلەش ئىدارىلىرىنى، جۈملىدىن ئۆزىنى ئۆزى تەمىنلەيدىغان ئېلېكتر ئىستانسىسى، شېرىكلەشكەن ئېلېكتر ئىستانسىسىنى ئىقتىسا-

دىي پرىنسىپ بويىچە باشقۇرۇشى، ئېلېكتىر تورىنىڭ بىر تۇتاش باشقۇرۇشىغا بويسۇنۇش شەرتى ئاستىدا ئۆز ئالدىغا ئىگىلىك باشقۇرۇشى كېرەك.

كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى چەت-ياقا تاغلىق رايونلاردىكى بىر خىل مۇھىم ئېنېرگىيە بايلىقى ھېسابلىنىدۇ. ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشتىن بۇيان، كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى "ئۆزى قۇرۇش، ئۆزى ئىشلىتىش، ئۆزى باشقۇرۇش" پرىنسىپى بويىچە ئىش قىلىپ، تېز سۈرئەتتە تەرەققىي تاپتى، ئۇ يېزا ۋە جايلارنىڭ ئىقتىسادىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، دېھقانلارنىڭ نامراتلىقتىن قۇتۇلۇپ بېيىشقا قاراپ مېڭىشىغا ياردەم بېرىشتە مۇھىم رولىنى جارى قىلدۇردى. نۆۋەتتە كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسىنىڭ توك بىلەن تەمىنلىشىنى ئاساس قىلغان ھالدا ئىككى تۈركۈمدە 200 ناھىيىنى دەسلەپكى قەدەمدە ئېلېكتىرلەشتۈرۈش سىنىقى ئۇرۇنۇنالدى، 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە ئۈچىنچى تۈركۈمدىكى 300ناھىيىدە سىناق ئېلىپ بېرىش ۋەزىپىسى داۋاملىق ئورۇنلىنىدۇ. بۇ سىناق قىلىش پىلانى سۇچىلىق تارماقلىرىنىڭ مەسئۇل بولۇشى، ئېلېكتىر سانائىتى تارماقلىرىنىڭ ماسلىشىشى بىلەن يولغا قويۇلغان. بۇنىڭدىن كېيىن ھەر دەرىجىلىك ئېلېكتىر سانائىتى تارماقلىرى كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشىنى يەنىلا زور كۈچ بىلەن قوللىشى، كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنى تور ئارقىلىق تۇتاشتۇرۇش جەھەتتە زور كۈچ بىلەن ياردەم بېرىشى، ئىككى تەرەپ كېلىشىم بويىچە ئىش بېجىرىپ، كىچىك تىپتىكى سۇ ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنىڭ يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك.

## 4. يادرو ئېلېكتىر بىر خىل بىخەتەر، ئىشەنچلىك، پاكىز ئېنېرگىيە

دۇنيادىكى يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىلىرىنىڭ ئىشلەش خاتىرىسى ئىسپاتلىدىكى، بىرىنەچچە خىل يادرو ئېلېكتىر قازان تىپى، مەسىلەن، بېسىملىق سۇ قازىنى، قايناقلىق سۇ قازىنى، ئېغىر سۇ قازىنىنىڭ ھەممىسى بىخەتەر، ئىشەنچلىك. بەزى دۆلەتلەردە يا بايلىق مەنبەسى كۆزدە تۇتۇلغان ياكى مۇھىتنى ئاسراش كۆزدە تۇتۇلغان بولسا كېرەك، يادرو ئېلېكترنىڭ ئىگىلىگەن نىسبىتى ناھايىتى زور. مەسىلەن، فرانسىيىدە يادرو ئېلېكتىر ئومۇمىي ئېلېكتىر مىقدارىنىڭ 76 پىرسەنتىنى، ياپونىيىدە 33 پىرسەنتىنى، ئامېرىكىدا 20 پىرسەنتتىن كۆپرەكىنى ئىگىلەيدۇ. جۇڭگو يادروغا ئىگە بىر دۆلەت، لېكىن يادرو ئېلېكتىر ئىستانسىسى قۇرۇلۇشى كېيىنرەك باشلانغان، ھازىر بىز دۇنيادىكى تۆرلۈك يادرو ئېلېكتىر قازان تىپى ئىچىدىن بىرقەدەر زور نىسبەتنى ئىگەللىگەن بېسىملىق سۇ قازىنىنى تاللاپ ئاساسلىق قازان تىپى قىلدۇق، نۆۋەتتە چىنشەن، داياۋەندە ئۈچ يۈرۈش يادرو ئېلېكتىر گېنېراتور گۇرۇپپىسى ئىشلىتىلىۋاتىدۇ، گېنېراتورلارنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى 2 مىليون 100 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئومۇمىي توك چىقىرىش مىقدارىنىڭ تەخمىنەن

1 پىرسەنتىنلا ئېگىلەيدۇ. 9-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە، مەبلەغ جەھەتتىكى چەكلىمە تۈپەيلىدىن، يادرو ئېلېكترنىڭ زور تەرەققىياتقا ئېرىشىشى مۇمكىن ئەمەس. ھازىر قۇرۇلۇۋاتقان ۋە قۇرۇشقا تەييارلىنىۋاتقان تۆت يادرو ئېلېكتر تۈرى، سەككىز گېنېراتور گۇرۇپپىسىنىڭ ئومۇمىي سىغىمچانلىقى تەخمىنەن 6 مىليون 600 مىڭ كىلوۋات بولۇپ، 10-بەش يىللىق پىلان مەزگىلىدە قۇرۇلۇپ چىقىدۇ. ئۇ چاغقا بارغاندا، يادرو ئېلېكترنىڭ جۇڭگو ئېلېكتر ئومۇمىي مىقدارىدا ئىگىلىگەن سالمىقى تەخمىنەن 2% بولىدۇ. يېقىنقى مەزگىللەردىن قارىغاندا يادرو ئېلېكتر پەقەت ئېلېكتر سانائىتىنىڭ بىر مۇۋاپىق تولۇقلىمىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

مەملىكىتىمىز مول يادرو ئېنېرگىيە بايلىقىغا ئىگە. جۇڭگونىڭ تەبىئىي ئۇرانى ۋە ئۇنى پىششىقلاپ ئىشلەش ئىقتىدارى خېلى كۆلەمگە ئىگە بولۇپ قالدى، يادرو يېقىلغۇسىنى ئايلاندۇرۇش سانائىتىنىڭ ھەرقايسى ھالقىلىرى يادرو ئېنېرگىيە ساھەسىدە ئۆزئارا يۈرۈشلەشتۈرۈلدى، بىر تۈركۈم مول تەجرىبىگە ئىگە پەن تەتقىقات خادىملىرى بارلىققا كەلدى، 300 مىڭ كىلوۋاتلىق بېسىملىق سۇ قازىنى تىپىدىكى يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ يۈرۈشلەشكەن ئۈسكۈنىلىرىنى ئۆزىمىز لايىھەلەپ ياسىيالايدىغان بولدۇق، ھازىر 600 مىڭ كىلوۋاتلىق يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرۇۋاتىمىز. بۇ ئېلىمىزنىڭ يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسىنى ئۆزى لايىھىلىشى ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزى ياسىشى ئۈچۈن ئاساس سېلىپ بەردى، ھازىر قوللانغىنىمىز 300 مىڭ كىلوۋاتلىق ئايلانما يول بولۇپ، بۇ 900 مىڭ، 1 مىليون 200 مىڭ كىلوۋاتقا كېڭەيتىش ئۈچۈن قولايلىق يارىتىپ بەردى. يىراققا نەزەر سالغاندا، مەملىكىتىمىزنىڭ يادرو ئېلېكتر ئىشلىرى كەڭ تەرەققىيات ئىستىقبالىغا ئىگە.

يادرو ئېلېكتر ئىشلىرىنى مۇقىم تەرەققىي قىلدۇرۇشتا، تۆۋەندىكىدەك تەدبىرلەرنى قوللىنىش كېرەك: بىرىنچى، چەت ئەل مەبلىغىدىن پايدىلىنىپ چەت ئەل ئۈسكۈنىلىرى ۋە تېخنىكىلىرىنى سېتىۋېلىپ، ئۇنى جۇڭگودا يادرو ئېلېكتر ئىشلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ باشلىنىشى قىلىش. جۇڭگو-چەت ئەل شېرىكچىلىكىدىكى گۇاڭدۇڭ داياۋەن يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسى بۇنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۈلگىسىدۇر. ئۇنىڭ توك چىقىرىش مىقدارىنىڭ 70 پىرسەنتى شياڭگاڭغا بېرىلىدىغان بولغاچقا، ھەم بىرقەدەر ياخشى ئىقتىسادىي ئۈنۈم ھاسىل بولدى، ھەم چوڭ تىپتىكى يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسىنى قۇرۇش تېخنىكىسى ئۆگىنىۋېلىندى. ئىككىنچى، يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ تەرەققىياتىدا دوملىما تەرەققىيات فاكچىيىنى قوللىنىش. يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسىغا سېلىنىدىغان مەبلەغ كۆپ، قۇرۇلۇش دەۋرى ئۇزاق بولىدۇ، لېكىن توك چىقىرىش تەننەرخى يۇقىرى بولمايدۇ، ئۈسكۈنى قوشۇپ دىرىنى قايتۇرۇش مۇددىتى توشمايلا خېلى كۆپ پايدا تاپقىلى بولىدۇ، ئۈسكۈنى قوشۇپ دىرىنى قايتۇرۇپ بولغاندىن كېيىن تېخىمۇ كۆپ پايدا تاپقىلى بولىدۇ، تاپقان پايدىدىن پايدىلىنىپ يادرو ئېلېكترنى دوملىما تەرەققىياتقا ئېرىشتۈرگىلى بولىدۇ، بۇنىڭ سۇ كۈچىدىن پايدىلىنىپ توك چىقىرىش بىلەن ئوخشاشلىقى بار. ئۈچىنچى، كۆلەملىك ئىگىلىكنى يولغا قويۇش. يادرو

---

ئېلېكتر ئىستانسىسىنىڭ ئورنىنى مۇۋاپىق تاللاش، ھەم توك ئىشلىتىش مىقدارى مەركەزلەشكەن جايلاردىن تاللاش، ھەم شەھەر بىلەن مۇۋاپىق ئارىلىق قالدۇرۇش كېرەك. بۇ، يادرو ئېلېكترنىڭ بىخەتەر، ئىشەنچلىكىدىن گۇمانلانغانلىق بولماستىن، بەلكى قۇرۇلۇش مەزگىلىدە ۋە ئايلىنىش مەزگىلىدە يادرو ئېلېكتر ئىستانسىسىنى بېكىنمە ھالەتتە باشقۇرۇشنى يولغا قويۇپ، كۈتۈلمىگەن توسقۇنلۇق ۋە بۇزغۇنچىلىقلارنىڭ ئالدىنى ئېلىشنى كۆزدە تۇتقانلىقتۇر. ئىستانسا ئورنىنى تاللاشتا كېڭەيتىشكە ئىمكانىيەت قالدۇرۇش، ئىمكانقەدەر ئىككىنچى، ئۈچىنچى مەۋسۇملۇك كېڭەيتىپ قۇرۇلۇشقا شارائىتى بار جاينى تاللاش، شۇنىڭ بىلەن شەكىللەنگەن ئاممۇۋى مۇئەسسەسەلەردىن پايدىلىنىشقا، پۈتۈش قىممىتىنى ئەڭ زور چەكتە تۆۋەنلىتىشكە، قۇرۇلۇش مۇددىتىنى قىسقارتىشقا، باشقۇرۇش قۇرۇلمىسىنى ئاددىيلاشتۇرۇشقا ئىمكانىيەت قالدۇرۇش لازىم. تۆتىنچى، قۇرۇلۇش داۋامىدا بىخەتەرلىك بىرىنچى دېيىلگەن فاڭجېننى چوقۇم ئىزچىللاشتۇرۇپ، سۈپەت جەھەتتە قاتتىق باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش كېرەك، ئەگەر سۈپەت جەھەتتە ئۆلچەمگە توشمىغان جايلار كۆرۈلسە، قۇرۇلۇش مۇددىتىنىڭ ئۇزىرىدىغانلىقىغا قارىماي، بۇزۇۋېتىپ قايتىدىن قۇرۇش لازىمكى، بىپەرۋالىق بىلەن مەيلىگە قويۇۋەتمەسلىك لازىم. يادرو ئېلېكتر بىلەن شۇغۇللىنىدىغان خادىملارنى يېتىشتۈرۈش ۋە تەربىيىلەشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئىستانسىنى قاتتىق باشقۇرۇپ، قىلچىمۇ بىخەستەلىك قىلمايدىغان خىزمەت ئىستىلىنى تۇرغۇزۇش لازىم. بەشىنچى، چەت ئەل مەبلىغى ۋە تېخنىكىسىنى كىرگۈزۈش ئارقىلىق، كېيىنكى ئەسىردىكى خەلقئارا يادرو ئېلېكتر تېخنىكىسى تەرەققىياتىنىڭ يۈزلىنىشىگە يېقىندىن ئەگىشىپ، ئۆزىمىزنىڭ تەرەققىيات ئىقتىدارىمىزنى ئاشۇرۇش. مەملىكىتىمىزنىڭ يادرو ئېلېكتر ساھەسىدە ھازىر بار بولغان ئىلمىي تەتقىقات، لايىھىلەش، قۇرۇلۇش، باشقۇرۇش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ياساش ئىقتىدارىدىن تولۇق پايدىلىنىپ، ئۆگىنىش، ئۆزلەشتۈرۈش، قوبۇل قىلىش، يېڭىلىق يارىتىش ئارقىلىق ئۆزىمىز لايىھىلەش ۋە ئۈسكۈنىلەرنى ئۆزىمىز ياساشنى تىرىشىپ ئىشقا ئاشۇرۇشىمىز، بۇ ئارقىلىق جۇڭگو يادرو ئېلېكتر ئىشلىرىنىڭ كېيىنكى ئەسىردە بىرقەدەر زور تەرەققىياتقا ئېرىشىش ۋەزىيىتىنى كۈتۈۋېلىشىمىز لازىم.

مەملىكىتىمىزدە توك چىقىرىشقا بولىدىغان باشقا بايلىقلارمۇ بار، مەسىلەن، شامال كۈچى ئارقىلىق توك چىقىرىش، قۇياش ئېنېرگىيىسى ئارقىلىق توك چىقىرىش، دېڭىز سۈيىنىڭ كۆتۈرۈلۈشى ۋە پەسىيىشى ئارقىلىق توك چىقىرىش ۋە يەر ئىسسىقلىقى ئارقىلىق توك چىقىرىش قاتارلىقلار، بەزى تۈرلەر سىناق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتىدۇ، بەزى تۈرلەر رەسمىي ئىشقا كىرىشتى. گەرچە بۇلار نۆۋەتتە يەنىلا قىسمەن دائىرىلىك ئىشلار بولۇپ، ئۇلارنى ھەر جاينىڭ شەرت-شارائىتىغا، ئىقتىسادىي ئۈنۈمىگە قاراپ يولغا قويۇشقا توغرا كەلسىمۇ، لېكىن ئۇلارنىڭ رولىغا سەل قاراشقا بولمايدۇ، ئۇلارنى مۇۋاپىق دەرىجىدە يۆلەش كېرەك.

## 5. ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئېچىش بىلەن تېجەشكە تەڭ ئەھمىيەت

www.uyghurkitap.com

# بىرىپ، تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش كېرەك

بۇ —جۇڭگونىڭ ئېنېرگىيە سىياسىتىدىكى بىر مۇھىم فاڭجېن. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىياتى ۋە خەلقنىڭ تۇرمۇش سەۋىيىسىنىڭ ئۆسۈشىگە ئەگىشىپ، ئېنېرگىيىنىڭ خورىشىمۇ مۇقەررەر ھالدا ئېشىپ بارىدۇ. قانداق قىلىپ ئېنېرگىيىنى تېجەش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى ئۆستۈرۈش مەسىلىسى ئالدىمىزغا قويۇلغان مۇھىم مەسىلە. ئازراق ئېنېرگىيە سەرپىياتى بىلەن كۆپرەك ماددىي بايلىق يارىتىش ئىقتىسادنى يۈكسەلدۈرۈش ئۇسۇلىنى ئۆزگەرتىشتىكى مۇھىم بىر مەزمۇندۇر.

يېقىنقى 10 يىلدىن بۇيان، مەملىكىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيە تېجەش خىزمىتىدە كۆرۈنەرلىك نەتىجە قولغا كەلتۈرۈلدى. ئېنېرگىيە سەرپىياتىنىڭ ئېلاستىكلىق كوئېففىتسېنتى 0.59 دىن 0.39 غا چۈشتى، يىغىپ ھېسابلىغاندا 470 مىليون توننا ئۆلچەملىك كۆمۈر تېجەلدى. لېكىن، مەملىكىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمىنى خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيە بىلەن سېلىشتۇرغاندا، يەنە ناھايىتى چوڭ پەرق بار. كەسىپ قۇرۇلمىسى ۋە مەھسۇلات قۇرۇلمىسى مۇۋاپىق بولمىغانلىقتىن، نۇرغۇن كەسىپلەردە ئىشلەپچىقىرىش ئۈسكۈنىلىرى ۋە ھۈنەر-سەنئەت ئارقىدا قېلىش، باشقۇرۇش ياخشى بولماسلىق ئەھۋالى مەۋجۇت، ئىش ئەپلەشمىسە، بۇ پەرق تېخىمۇ زورىيىپ كېتىشى مۇمكىن. نۆۋەتتە مەملىكىتىمىزنىڭ ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىش ئۈنۈمى ئاران 32% ئەتراپىدا بولۇۋاتىدۇ، بۇ خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 10 پىرسەنتتىن كۆپرەك تۆۋەن. سەرپ قىلىنغان ھەر توننا ئۆلچەملىك كۆمۈردىن يارىتىلغان مەملىكەت ئىچىدىكى ئىشلەپچىقىرىش ئومۇمىي قىممىتى پەقەت تەرەققىي تاپقان دۆلەتلەرنىڭكىنىڭ 1/2 ~ 1/4 گە توغرا كېلىدۇ. بۇنىڭدىن كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، مەملىكىتىمىزدە ئېنېرگىيە تېجەشتىكى يوشۇرۇن كۈچ غايەت زور. ئېنېرگىيە تېجەشتە ھازىرقى ئارقىدا قالغان ئۈسكۈنىلەرگە تېخنىكا جەھەتتىن ئۆزگەرتىش كىرگۈزۈشكە، مەبلەغ سېلىشقا توغرا كەلسىمۇ، لېكىن كۆپ ھاللاردا ئاز مەبلەغ سېلىپ، تېز ئۈنۈم كۆرگىلى، ئاز كۈچ بىلەن كۆپ ئىش قىلغىلى بولىدۇ. ئېنېرگىيە تېجەش بىلەن ئېچىشقا تەڭ ئەھمىيەت بېرىش، تېجەشنى ئالدىنقى ئورۇنغا قويۇش فاڭجېنىنى يۈرگۈزۈشتە، ئەڭ مۇھىمى ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ۋە كارخانا رەھبەرلىرى تونۇشنى ئۆستۈرۈپ، ئېنېرگىيە تېجەش خىزمىتىگە بولغان رەھبەرلىكنى كۈچەيتىشى ھەم سىياسەت جەھەتتىن يېتەكلىشى ۋە رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك.

سانائەتتە ئېنېرگىيە تېجەشتىكى يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى چوڭ. ئوت ئېلېكتىر ئىستانسىلىرى كۆمۈرنى ئەڭ كۆپ ئىشلىتىدىغان ئورۇن، كۆمۈر سەرپىياتى تۆۋەن، ئۈنۈمى يۇقىرى بولغان چوڭ تىپتىكى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنىڭ سالمىقىنى يەنىمۇ ئىلگىرىلىگەن ھالدا ئۆستۈرۈش، قۇرۇلۇپ بولغان ۋە قۇرۇلۇۋاتقان، كۆمۈر سەرپىياتى يۇقىرى بولغان ئوتتۇرا، كىچىك تىپتىكى گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە

چەكلەش، ئىسسىقلىق بىلەن تەمىنلەيدىغان گېنېراتورلار گۇرۇپپىسىنى راۋاجلاندۇرۇشقا ئىلھام بېرىش، ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىش بىلەن ئېلېكتر ھاسىل قىلىشنى بىرلەشتۈرۈشنى يولغا قويۇش، شۇ ئارقىلىق سەرپىياتنى يەنىمۇ تۆۋەنلىتىش لازىم. پولات-تۆمۈر سانائىتىدىمۇ ئېنېرگىيە تېجەشتە زور ئۈنۈم ھاسىل قىلغىلى بولىدۇ، مەملىكىتىمىزدە ھەر بىر توننا پولات ئىشلەپچىقىرىش ئۈچۈن 976 كىلوگرام ئۆلچەملىك كۆمۈر كېتىدۇ، خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيىدە بولسا 650 كىلوگرام ئەتراپىدىلا كېتىدۇ. پولات تاۋلاشقا كېتىدىغان ئېنېرگىيىنى تېجەشتە، ئاساسلىقى ئىلغار تېخنىكىنى قوللىنىش، مارتىن پېچتە پولات تاۋلاشنى ئايلانما پېچتە پولات تاۋلاشقا ئۆزگەرتىش، پولات ماتېرىياللىرىنى ئۈزۈلدۈرمەي قۇيۇش، ئۈزۈلدۈرمەي پروكاتلاش نىسبىتىنى ئۆستۈرۈش لازىم. سېمونت ئىشلەپچىقىرىشتا ئوچاقنىڭ سىرتىدا ئاجرىتىش ھۈنەر-سەنئىتىنى ئەنئەنىۋى نەمدەش ئۇسۇلىنىڭ ئورنىغا دەسسەتكەندە ئېنېرگىيىنى 40% تېجىگىلى بولىدۇ. بارلىق سانائەت ئىشلەپچىقىرىش كەسىپلىرىدە ئۈنۈمى يۇقىرى، ئېنېرگىيە تېجىگىلى بولىدىغان شامالدۇرغۇچ، سۇ پومپىسى ۋە پار قازان ئىشلىتىش كېرەك. ھېسابلاش ماشىنىسى تېخنىكىسى ئارقىلىق ئىشلەپچىقىرىش جەريانىنى كونترول قىلىپ ئەڭ ياخشى ئېنېرگىيە سەرپىياتى ئۈنۈمىنى قولغا كەلتۈرۈش لازىم. ئېنېرگىيە سەرپىياتىغا قارىتا قاتتىق ئىلمىي باشقۇرۇشنى يولغا قويۇش، ئېنېرگىيە سەرپىياتىنى كارخانا باشقۇرۇش سەۋىيىسىنى تەكشۈرۈشتىكى مۇھىم بىر كۆرسەتكۈچ قىلىش كېرەك. قاتناش-ترانسپورت جەھەتتىمۇ ئېنېرگىيە تېجەشتىكى يوشۇرۇن كۈچ ناھايىتى زور. ئېلىمىز ماشىنا ترانسپورتىدا ھەر 100 توننا-كىلومېتىر مۇساپە ئۈچۈن كېتىدىغان ئومۇمىي ماي سەرپىيات مىقدارى 4.4 لىتىر(دىزېل ماشىنىنىڭ) بولۇپ، خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيىدىن 25% ئەتراپىدا يۇقىرى. ھەممەيلەن ”بېيىي دېسەڭ ئاۋۋال يول ياسا“ دېگەن قائىدىنى بىلىدۇ، ئەمما ماينى تېجەپ ئىشلىتىپ، ترانسپورت تەننەرخىنى تۆۋەنلىتىش مەسىلىسى ئۈستىدە كەمدىن كەم ئويلىشىدۇ. تراكتور ۋە دېھقانچىلىق ترانسپورتىدا ئىشلىتىلىدىغان ماشىنىلارنىڭ ھەر توننا-كىلومېتىرلىق ماي سەرپىياتى ئوخشاش تىپتىكى دىزېل ماشىنىلارنىڭ ماي سەرپىياتىدىن ئوتتۇرا ھېساب بىلەن 45% ۋە 36% يۇقىرى بولماقتا. بۇنىڭدىن كېيىن ئېنېرگىيە سەرپىياتى يۇقىرى قاتناش قوراللىرىغا پەيدىنپەي چەك قويۇش كېرەك. يېزا-كەنتلەر—قاتناش-ترانسپورتتىكى كەڭ بازار، زور كۈچ بىلەن ترانسپورت ماي سەرپىياتىنى تۆۋەنلىتىش مەملىكىتىمىز قاتناش-ترانسپورتىدا ئېنېرگىيە تېجەشتىكى مۇھىم يۆنىلىش.

ماي ئورنىغا كۆمۈر ئىشلىتىش خىزمىتىدە زور نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى، جەمئىي 200 مىليون توننا ماي ئاز ئىشلىتىلدى. بۇنىڭ بىلەن قىممەتلىك نېفىت بايلىقى مۇۋاپىق ئىشلىتىلىپلا قالماي، كارخانىلار-نىڭ يېقىلغۇ تەننەرخىمۇ تۆۋەنلىتىلدى. نۆۋەتتە يېقىلغۇ ماي ئۈچۈن يىلىغا يەنىلا 40 مىليون توننا ماي سەرپ قىلىنىۋاتىدۇ، يېقىلغۇ ماينىڭ ئورنىغا كۆمۈر ياكى تەبىئىي گاز ئىشلىتىش ئىشىنى قولغا كەلتۈرۈلگەن نەتىجىلەرنى مۇستەھكەملەش ئاساسىدا داۋاملاشتۇرۇش كېرەك.

مەملىكىتىمىزدە خەلق تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان يېقىلغۇنى تېجەش جەھەتتە، ھەر يەرنىڭ ئەھۋالىغا

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

قاراپ ئىش كۆرۈش فاكچېنى قوللىنىلىپ، مەلۇم نەتىجىلەر قولغا كەلتۈرۈلدى. مەملىكەت بويىچە بېزىلاردا ئوتتۇن تېجەش ئوچىقى ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىپ، ئىسسىقلىق ھاسىل قىلىش ئۈنۈمى ئەنئەنىۋى ئوچاقنىڭكىدىن بىر ھەسسە يۇقىرى كۆتۈرۈلدى. شەكىللىك كۆمۈرنى ئۈۋاق كۆمۈر ئورنىغا ئىشلەتكەندە، ئۈنۈمنى ئادەتتە 20% يۇقىرى كۆتۈرگىلى بولىدۇ، ھازىر شەكىللىك كۆمۈر شەھەر-يېزا ئاھالىسى تۇرمۇشتا ئىشلىتىدىغان كۆمۈرنىڭ مۇھىم تۈرى بولۇپ قالدى. تۇرمۇشتا تېجەشلىك كۆمۈر ئىشلىتىش خىزمىتىنى يەنىمۇ يۇكسەلدۈرۈش لازىم.

ئېلېكتر قۇۋۋىتىنىڭ ئاخىرقى ئېنېرگىيە سەرپىياتىدىكى سالمىقىنى ئۆستۈرۈش سانائەت، يېزا ئىگىلىك ئىشلەپچىقىرىشى ۋە ئىجتىمائىي تۇرمۇش زامانىۋىلاشقانلىقىنىڭ مۇھىم بەلگىسى، شۇنداقلا ئېنېرگىيە تېجەشتىكى مۇھىم تەدبىر، بۇ جەھەتتە مەملىكىتىمىز بىلەن خەلقئارادىكى ئىلغار سەۋىيە ئوتتۇرىسىدىكى پەرق ناھايىتى زور. ئېلېكتر قۇۋۋىتىنى ئاخىرقى ئېنېرگىيە سۈپىتىدە زور كۈچ بىلەن تەرەققىي قىلدۇرۇش ئېنېرگىيە تېجەشتە سەل قاراشقا بولمايدىغان بىر يول.

## 6. ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئېچىش ۋە ئىزچىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسى

ئېنېرگىيىنىڭ كۆپلەپ سەرپ قىلىنىشى نەتىجىسىدە مۇھىت بۇلغاندى ۋە ئېكولوگىيە بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىدى. كۆمۈرنى پىقلىغۇ قىلىدىغان سانائەت پار قازىنى ۋە خەلق تۇرمۇشىدا ئىشلىتىلىدىغان ئوچاق ئاتموسفېرادا كاربون(VI) ئوكسىد پەيدا قىلىدىغان، ئىس-تۈتەك ۋە توزان چىقىرىدىغان ئاساسلىق مەنبە. تۇرلۇك ماتورلۇق ماشىنىلاردىن چىققان كېرەكسىز گاز ھاۋانى بۇلغايدۇ. يۇقىرى گۈڭگۈرتلۈك كۆمۈر ۋە يۇقىرى گۈڭگۈرتلۈك ماينى يېقىلغۇ قىلىش كىسلاتالىق يامغۇرنى پەيدا قىلىدۇ. پار قازان مېشىدىن چىققان كۆمۈر كۈلى تاغۇدەريا ۋە كەڭ زېمىننى بۇلغايدۇ. كۆمۈر ۋە نېفىتنىڭ ئېچىلىشى ئەتراپتىكى ئېكولوگىيىلىك مۇھىتقا تەسىر قىلىدۇ. شۇنىڭ ئۈچۈن، ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىلەن بىر ۋاقىتتا، بۇلغىنىشنى تۈزەشكە ئەھمىيەت بېرىش، ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئېچىش ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلىنىش بىلەن مۇھىتنى تۈزەشنى تەڭ راۋاجلاندۇرۇش فاكچېنىنى يولغا قويۇش كېرەك.

بۇلغىنىشنى تۈزەش جەھەتتە بىرمۇنچە پىشقان تەجرىبىلەر بار. يۇقىرى ئۈنۈملۈك ئېلېكترلىك چاڭ تازىلاش قۇرۇلمىسىنى ئىشلەتكەندە، پار قازاننىڭ چاڭ تازىلاش ئۈنۈمىنى 99% كە ئۆستۈرگىلى بولىدۇ. كۆمۈر كۈلىنى قۇرۇلۇش ماتېرىيالى، يول ياساش ۋە دېڭىزنى تىندۇرۇپ يەر بىنا قىلىش ماتېرىيالى قىلىشقا بولىدۇ. يۇقىرى گۈڭگۈرتلۈك ماي ۋە يۇقىرى گۈڭگۈرتلۈك كۆمۈرنى ئىشلىتىشتىن ئىلگىرى پاكى ئىشلىتىش

داۋامدا بىر تەرەپ قىلىش ئارقىلىق، ئۇلارنىڭ گۈڭگۈرت چىقىرىشىنى ئازايتقىلى بولىدۇ. بۇنداق قىلغاندا، ئېلېكتر ئىستانسىسى ۋە نېفىت خىمىيە سانائىتى زاۋۇتىنىڭ قۇرۇلۇشىغا سالىدىغان مەبلىغى كۆپىيىپ كېتىشى مۇمكىن. مۇھىتنى ئاسراش ئۈچۈن، مۇشۇنداق قىلماي بولمايدۇ ۋە مۇشۇنداق قىلىشقا ئەرزىيدۇ. ماتورلۇق ماشىنىلارغا قوغۇشۇنسىز بېنزىن ئىشلىتىش، شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، مۇھىتقا زىيىنى ئازراق بولغان ئېلېكترىك ماشىنىلارنى تەتقىق قىلىپ ياساپ چىقىش ۋە ئىشلىتىش لازىم. ئېنېرگىيىدىن بولغىنىشنى تۈزەشكە دائىر پەن تەتقىقات خىزمىتىنى زور كۈچ بىلەن قانات يايدۇرۇپ، ئېنېرگىيىگە ئالاقىدار مۇھىت ئاسراش تېخنىكا ئۇسكۈنىلىرىنى يۇرۇشلەشتۈرۈشنى ۋە بۇ كەسىپنىڭ شەكىللىنىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

ئېنېرگىيە بايلىقى قىممەتلىك بايلىق، ئۇنى ئىنتايىن قەدىرلەش كېرەك. كان بايلىقلىرىنىڭ يەر ئاستى زاپىسى مول بولغان تەقدىردىمۇ ئۇنى تېجەشلىك بىلەن ئىشلىتىشكە دىققەت قىلىش كېرەك. ئۇنىڭ ئۈستىگە، مەملىكىتىمىزدە بەزى كان بايلىقلىرىنىڭ بۈگۈنگە قەدەر بايقالغان زاپىسى چەكلىك. شۇڭا تېجەپ ئىشلىتىشكە تېخىمۇ دىققەت قىلىش كېرەك. سۇ كۈچى بىلەن توك چىقىرىش، شامال كۈچى بىلەن توك چىقىرىش، قۇياش ئېنېرگىيىسى قاتارلىق ھاسىلىي بايلىقلارغا قارىتا تەتقىق قىلىش، ئېچىش ۋە ئىشلىتىش جەھەتتىكى كۈچىنى ئاشۇرۇش لازىم. ئېنېرگىيە مەنبەسىنى ئاچقان ۋە ئۇنىڭدىن پايدىلانغان ۋاقىتتا، پايدىلىق تەرەپنى جارى قىلدۇرۇپ، زىيانلىق تەرەپنى تۈگىتىش، مۇھىتنى ۋە ئېكولوگىيىلىك تەڭپۇڭلۇقنى قوغداش، ئىزچىل تەرەققىي قىلدۇرۇش ستراتېگىيىسىنى يولغا قويۇش كېرەك. بىز ھازىرقى زاماندىكى كىشىلەرنىڭ ئېنېرگىيىدىن پايدىلىنىشىنىلا كۆزدە تۇتۇپ قالماي، بەلكى ئېنېرگىيىدىن ئىزچىل پايدىلانغىلى بولىدىغان بىر شارائىتنى ئەۋلادلارغا قالدۇرۇشىمىز لازىم. شۇنىڭغا ئىشىنىمىزكى، پەن-تېخنىكىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بەزى يېڭى ئېنېرگىيىلەر بايقىلىدۇ ۋە ئۇلاردىن پايدىلانغىلى بولىدۇ.

تەرجىمە قىلغۇچىلار: رىسالەت ئابلا
ئادالەت مۇھەممەت

مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان

www.uyghurkitap.com

# سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسىنى ئورنىتىش مەسىلىسى ھەققىدە

لى تيېيىڭ

## 1. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسىنى ئورنىتىشنىڭ يېتەكچى ئىدىيىسى

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسىنى ئورنىتىش جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيەتنىڭ بىر قىسمىدۇر. بۇنىڭدا بىز يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسى ۋە پارتىيىنىڭ ئاساسىي لۇشيەنىنى يېتەكچى قىلىشتا، ئاساسىي قانۇننى تۈپ ئاساس قىلىشتا چىڭ تۇرۇشىمىز كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسىنى ئورنىتىشنىڭ كونكرېت ئەمەلىيىتىدە، باشتىن-ئاخىر تۆۋەندىكى بىرقانچە يېتەكچى ئىدىيىنى ئىگىلەشكە دىققەت قىلىش كېرەك.

**(1) ماركسىزملىق قانۇنشۇناسلىقنىڭ ئاساسىي نەزەرىيىسىدە چىڭ تۇرۇش**

ماركسىزم مەيدانغا كېلىشتىن بۇرۇن، قانۇن "ئىلاھنىڭ ئىرادىسى"، "ھاكىمىيەت يۈرگۈزگۈچىلەرنىڭ ئىرادىسى" دېگەندەك ئۇقۇملار بىلەن ئاتىلاتتى. ماركس، ئېنگېلسلارنىڭ قانۇننىڭ ماھىيىتى توغرىسىدا كۆرسەتكەن تۆھپىسى شۇكى، ئۇلار تۇنجى قېتىم قانۇننى ھۆكۈمران سىنىپ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىلىنىشى ۋە ئەكس ئەتتۈرۈلۈشى، قانۇنىي تۈزۈم دەپ ئاتالغان سىنىپىي ئىرادە دەپ كۆرسەتتى. بۇ خىل ئىرادىنىڭ مەزمۇنىنى ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ماددىي تۇرمۇش شەرت-شارائىتلىرى بەلگىلەيدۇ. ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشنىڭ بىر خىل شەكلى ۋە يولى بولغان بازار ئىگىلىكى كاپىتالىزمغا خاسمۇ ياكى سوتسىيالىزمغا خاسمۇ دېگەن مەسىلە مەۋجۇت ئەمەس، خۇددى يولداش دېڭ شياۋپىڭ ئېيتقىنىدەك: "سوتسىيالىزمنىڭ بازار ئىگىلىكى ئۇسۇل جەھەتتىن كاپىتالىزمنىڭكى بىلەن ئاساسەن ئوخشاش." ئۇسۇلنىڭ سىنىپىيلىقى يوق. لېكىن ئوخشىمىغان بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن

سىستېمىسى مۇقەررەر ھالدا كىملەر ئۈچۈن بايلىق يارىتىدىغانلىقى، قانداق تۈزۈم ئۈچۈن خىزمەت قىلىدىغانلىقى مەسىلىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان بولۇپ، بۇلارنىڭ ھەممىسىدە دۆلەت ئەھۋالى، ئىجتىمائىي تۈزۈم بىلەن بىرلىشىش مەسىلىسى مەۋجۇت. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسى دۆلەت ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرگەندە، ”دۆلەت ئەھۋالىدىن ھالقىپ كېتىشى“، ”دەۋردىن ھالقىپ كېتىشى“، ”سىنىپتىن ھالقىپ كېتىشى“ مۇمكىن ئەمەس. ئىقتىسادىي بازىس ئۈستقۇرۇلمىنى بەلگىلەيدۇ، شۇنداقلا ئۈستقۇرۇلمىنىڭ بىر قىسمى بولغان قانۇننىمۇ بەلگىلەيدۇ. بەلگىلىك قانۇننىڭ مەزمۇنى ۋە خاراكتېرى بەلگىلىك ئىقتىسادىي بازىس تەرىپىدىن بەلگىلىنىدۇ. ئۇنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشى ئىقتىسادىي بازىسنىڭ ئۆزگىرىشى ۋە تەرەققىي قىلىشىغا باغلىق بولىدۇ. سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇش، ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىش، ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنى تۈگىتىش، ئەڭ ئاخىرىدا ئورتاق بېيىش نىشانىغا يېتىشتىن ئىبارەت. دۆلىتىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسىنىڭ ماھىيىتىمۇ ئەنە شۇنىڭدىن ئىبارەت.

### (2) يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش

1978-يىلى، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ”ئاساس قىلىدىغان قانۇن بولۇش، قانۇنغا چوقۇم ئەمەل قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چوقۇم قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈش“تىن ئىبارەت قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشى فاڭجېنىنى ئوتتۇرىغا قويدى. 1980-يىلى، ئۇ يەنە ”پۇقرالار قانۇن ۋە تۈزۈم ئالدىدا باپباراۋەر بولۇشى، پارتىيە ئەزالىرى پارتىيە نىزامنامىسى ۋە پارتىيە ئىنتىزامى ئالدىدا باپباراۋەر بولۇشى كېرەك. ھەممە ئادەمنىڭ قانۇندا بەلگىلەنگەن باراۋەرلىك ھوقۇقى ۋە مەجبۇرىيىتى بار“ دەپ قايتا تەكىتلىدى. («دېڭ شياۋپىڭ ماقالىلىرىدىن تاللانما»، ئۇيغۇرچە نەشرى، 2-توم، 721-بەت) يولداش دېڭ شياۋپىڭ سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى جەريانىدا، بىر قولدا قۇرۇلۇشنى تۇتۇش، بىر قولدا قانۇنچىلىقنى تۇتۇش، ”ئىككىلا قولدا چىڭ تۇتۇش“ كېرەك دەپ تەلەپ قىلدى. ”مەدەنىيەت زور ئىنقىلابى“غا ئوخشاش خاتالىقلاردىن ساقلىنىش ئۈچۈن، يولداش دېڭ شياۋپىڭ ”مەسىلىنى تۈزۈم جەھەتتىن ھەل قىلىش“ كېرەك، ”تۈزۈم ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر“ دەپ ئوتتۇرىغا قويدى. بۇ يەردىكى تۈزۈم قانۇنىي تۈزۈمنىمۇ ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. يولداش دېڭ شياۋپىڭ يەنە كۆپ قېتىم، قانۇننى ئىجرا قىلىش قوشۇنىنىڭ قۇرۇلۇشىغا ۋە قانۇنچىلىق تەربىيىسىنى كۈچەيتىشكە يۇقىرى دەرىجىدە كۆڭۈل بۆلۈش كېرەك، دەپ كۆرسەتتى. دۆلەتنى قانۇن بىلەن باشقۇرۇش يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ جۇڭگوچە سوتسىيالىزم قۇرۇش نەزەرىيىسىنىڭ مۇھىم تەركىبىي قىسمىدۇر. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسىنى ئورنىتىشتا، چوقۇم يولداش دېڭ شياۋپىڭنىڭ قانۇنچىلىق ئىدىيىسىدە چىڭ تۇرۇش كېرەك.

### (3) توغرا يېتەكچى پرىنسىپتا چىڭ تۇرۇش

—ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى جەمئىيەت تەرەققىياتىدىكى ئەڭ نېگىزلىك ھەل قىلغۇچ ئامىلدۇر. سوتسىيالىستىك ئىنقىلابنىڭ مەقسىتى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تەرەققىي قىلدۇرۇشتىن ئىبارەت. سوتسىيالىستىك تۈزۈم ئورنىتىلغاندىن كېيىن، سوتسىيالىزمنى مۇستەھكەملەش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش ئۈچۈن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى يەنىمۇ ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش كېرەك. ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى ئازاد قىلىش ۋە تەرەققىي قىلدۇرۇش بىزنىڭ قانۇن تۈزۈشتىكى ئاساسىي مەقسىتىمىز. دۆلىتىمىزنىڭ قانۇنى ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى قوغدىشى، ئىجتىمائىي ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشى ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. قانۇن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىيات سەۋىيىسىگە ماسلىشىشى كېرەك؛ قانۇن ئىشلەپچىقىرىش ئامىللىرىنىڭ مۇۋاپىق ئورۇنلاشتۇرۇلۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى كېرەك؛ ئەمگەكچىلەر ئەڭ ئۇلۇغ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىدۇر، پەن-تېخنىكا بىرىنچى ئىشلەپچىقىرىش كۈچىدۇر، قانۇن ئەمگەكچىلەرنىڭ ئىشلەپچىقىرىش-تىجارەت پائالىيىتىدە ئاكتىپچانلىق ۋە ئىجادچانلىقىنى تولۇق جارى قىلدۇرۇشىنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ئۇلارنىڭ پەن-تېخنىكا ساپاسىنى يۇقىرى كۆتۈرۈشكە پايدىلىق بولۇشى، ئۇلارنىڭ بارلىق قانۇنىي ھوقۇق-مەنپەئىتىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك.

—ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلىش، كۆپ خىل ئىقتىسادىي تەركىبلەرنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش. ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ۋە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشتا قىلچە تەۋرەنمەي چىڭ تۇرۇش، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ۋە ئەمگەككە قاراپ تەقسىم قىلىشنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى قوغداش سوتسىيالىزمنىڭ ماھىيىتىنى نامايان قىلىشنىڭ ئالدىنقى شەرتى. بىزنىڭ ئىسلاھاتىمىز ھەرگىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ ئاساسىي گەۋدىلىك ئورنىنى تەۋرىتىمەسلىكى، بەلكى ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتى ئاستىدىكى ئۈنۈملۈك ئەمەلگە ئېشىش شەكلىنى تېپىپ چىقىشى كېرەك. يېڭى قانۇنلار مۇشۇ مەقسەت ئۈچۈن خىزمەت قىلىشى كېرەك. دۆلەت ئىگىلىكى ۋە كوللېكتىپ ئىگىلىكنىڭ تەرەققىياتىنى ئاكتىپ ئىلگىرى سۈرۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەككە ئىگىلىك، خۇسۇسىي ئىگىلىك، چەت ئەل مەبلىغى ئىگىلىكى قاتارلىق غەيرىي ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكلەرنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا يول قويۇش ۋە مەدەت بېرىش ھەمدە توغرا يېتەكلەش، نازارەتنى كۈچەيتىش، قانۇن بويىچە باشقۇرۇش ئارقىلىق ئۇلارنى سوتسىيالىستىك ئىگىلىكنىڭ زۆرۈر تولۇقلىمىسىغا ئايلاندۇرۇپ، ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكتىكى ئىگىلىكنى ئاساس قىلغان ھالدا كۆپ خىل ئىگىلىكنىڭ ئورتاق تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرۈش كېرەك.

—ئەمگەك بىلەن بېيىش ۋە ئورتاق بېيىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش. ئەمگەكچى خەلقنىڭ ئورتاق بېيىشى سوتسىيالىزم ماھىيىتىنىڭ تەلىپى، شۇنداقلا سوتسىيالىستىك قانۇننىڭ ئادىللىقىنىڭ ئىپادىسى. بازار

ئىگىلىكى شارائىتىدىكى يېڭى قانۇن سىستېمىسى خەلقنى ئورتاق بېيىتىش نىشانىنى چۆرىدىگەن ھالدا بەرپا قىلىنىشى لازىم، لېكىن ئورتاق بېيىش تەڭ تەقسىماتچىلىقا، چوڭ قازاننىڭ ئېشىنى يېيىشكە ئوخشىمايدۇ. يېڭى قانۇنلار بىر قىسىم كىشىلەر، بىر قىسىم جايلارنىڭ ئالدىن بېيىشىنى كاپالەتلەندۈرۈشى ۋە ئۇنى ئىلگىرى سۈرۈشى، ھەرقانداق شەخس ۋە ئورۇننىڭ ئەمگەك بىلەن بېيىغۇچىلارنىڭ قانۇنىي مال-مۈلكىگە دەخلى-تەرۆز يەتكۈزۈشكە يول قويماسلىقى كېرەك؛ شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا يەنە پۈتكۈل جەمئىيەتنى تەڭشەش-تىزگىنلەش نۇقتىسىدىن، بالدۇر بېيىغانلارنىڭ بېيىمىغانلارنى يېتەكلەش ھەرىكىتىنى ئىلھاملاندۇرۇش ۋە قوغداش، قانۇنىي، ئىقتىسادىي ۋاستىلەر ئارقىلىق ئىككى قۇتۇپقا بۆلۈنۈشنىڭ ئالدىنى ئېلىپ، ئورتاق بېيىشنى قەدەممۇقەدەم ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك.

——بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتىگە ماسلىشىش پرىنسىپىدا چىڭ تۇرۇش. قانۇن بازار ئىگىلىكى قانۇنىيىتىنى، مەسىلەن قىممەت قانۇنىيىتى، تەمىنلەش-تەلەپ قانۇنىيىتى، بايلىقنىڭ تەقسىملىنىش قانۇنىيىتى، رىقابەت قانۇنىيىتى قاتارلىقلارنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش تەلىپىگە ئاساسەن مۇناسىپ قانۇن سىستېمىسىنى ئورنىتىش كېرەك.

## 2. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسى

بۇ مەسىلىگە نىسبەتەن قانۇنشۇناسلىق ساھەسىدىكىلەر بىلەن مۇناسىۋەتلىك تارماقتىكىلەرنىڭ ئەزەلدىن ئوخشىمىغان پىكىر ۋە تەكلىپلىرى بار. 8-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى 4-يىغىنى كۆپ تەرەپلىملىك تەتقىقاتلار ۋە ئۇزۇن يىللىق ئەمەلىيەت خۇلاسىسىگە ئاساسلىنىپ ماقۇللىغان «خەلق ئىگىلىكى تەرەققىياتى ۋە ئىجتىمائىي تەرەققىياتنىڭ 9-بەش يىللىق پىلانى ۋە 2010-يىلغىچە بولغان يىراق كەلگۈسى نىشان پروگراممىسى»دا دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسىنىڭ قۇرۇلمىسى بەلگىلەندى. بۇ ئاساسىي قۇرۇلما ئاساسەن خىزمەت نۇقتىسىدىن، سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشنىڭ قەدىمىنى تېزلىتىش تەلىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغان.

——بازار سۇبيېكتىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان قانۇنلار توغرىسىدا. بازار ئىگىلىكىنىڭ سۇبيېكتى ئاساسەن بازاردا ئىقتىسادىي پائالىيەت بىلەن شۇغۇللىنىدىغان تەبىئىي شەخس ۋە قانۇنىي ئىگىدىن ئىبارەت. مەسىلەن تۈرلۈك شىركەت، كارخانا ۋە پۇقرالىق ھوقۇقىغا ئىگە بارلىق جەمئىيەت ئەزالىرى. بازار سۇبيېكتىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان قانۇنلار ئاساسەن بازار سۇبيېكتىنىڭ سالاھىيىتىنى مۇئەييەنلەشتۈرىدىغان قانۇنلاردۇر، ئۇنى بازارغا كىرىشكە رۇخسەت قىلىش قانۇنى دېيىشكىمۇ بولىدۇ. بازار سۇبيېكتىنىڭ قانۇنىي ئورنى باپباراۋەر بولىدۇ، ئۇلارنىڭ قايسى مۈلۈكچىلىككە تەۋەلىكى نەزەرگە ئېلىنمايدۇ. كارخانىنىڭ مال-مۈلۈك مەسئۇلىيەت

شەكلى ۋە تەشكىلىي شەكلى قانۇنلارنى تۈرلەرگە ئايرىشنىڭ ئاساسىي ئۆلچىمى، قانۇن بويىچە تەشكىللەنگەن كارخانا بازار سۇبيېكتى بولۇپ چىقىدۇ. كارخانىنى تەسىس قىلىش، ئۆزگەرتىش ۋە ئاخىرلاشتۇرۇش ئىشلىرىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان قانۇنلاردىن شىركەت قانۇنى، شېرىكسىز كارخانا قانۇنى، شېرىكلەشكەن كارخانا قانۇنى، پاي ھەمكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانا قانۇنى، ۋاستىچى قانۇنى، سودا بانكىسى قانۇنى، ۋەيران بولۇش قانۇنى قاتارلىقلار بار. بازارغا ئىشتىراك قىلغان تەبىئىي شەخس ۋە ئىجتىمائىي تەشكىلاتلارغا نىسبەتەنمۇ مۇناسىپ قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىپ تەڭشەش ئېلىپ بېرىش كېرەك.

—بازاردىكى ھەرىكەتلەرنى قېلىپلاشتۇرىدىغان قانۇنلار توغرىسىدا. تۈرلۈك سۇبيېكتلارنىڭ بازاردىكى ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرۇشتا، ئىختىيارىي بولۇش، ئادىل بولۇش، تەڭ قىممەتلىك بولۇش، ھەقلىق بولۇش ۋە سەمىمىي، ئىناۋەتلىك بولۇش پرىنسىپلىرىغا ئەمەل قىلىش، قىممەت قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، تەڭ قىممەتتە ئالماشتۇرۇش، باراۋەرلىك ئاساستا رىقابەتلىشىش روھىنى نامايان قىلىش كېرەك. مال-مۈلۈكنى ئىگەللەش، ئىشلىتىش، بىر تەرەپ قىلىش، ۋە ئۇنىڭدىن پايدا ئېلىش ئىشلىرىدا قانۇن بويىچە ئىش كۆرۈش كېرەك. ھوقۇقنى يۈرگۈزۈش بىلەن بىر ۋاقىتتا، يەنە مۇناسىپ مەجبۇرىيەتنى ئادا قىلىش. مۇناسىپ قانۇنىي جاۋابكارلىقنى ئۆز زىممىسىگە ئېلىش كېرەك. مەسىلەن، ماددىي ئىگىدارلىق ھوقۇقى، ھەقدارلىق ۋە ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقى جەھەتتىكى قانۇن-نىزاملار، شۇنىڭدەك تالون-چەك قانۇنى، ئاكسىيە قانۇنى، قەرەللىك مال سودا قانۇنى، ئۆي-زېمىن سودا قانۇنى، سۇغۇرتا قانۇنى قاتارلىق قانۇنلار.

—بازار تەرتىپىنى قېلىپلاشتۇرىدىغان قانۇنلار توغرىسىدا. بازارنىڭ بايلىقلارنى ئۈنۈملۈك تەقسىملىشىگە كاپالەتلىك قىلىش، بىرلىككە كەلگەن بازارنى قۇرۇش، ئادىل رىقابەتكە كاپالەتلىك قىلىش، ئىستېمالچىلارنىڭ ۋە جەمئىيەتنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتىنى قوغداش كېرەك. مانا بۇلار مونوپولغا قارشى تۇرۇش قانۇنى، ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى، ئىستېمالچىلارنىڭ ھوقۇق-مەنپەئەتىنى قوغداش قانۇنى، ئېلان قانۇنى، تاۋار سۈپىتىنى تەكشۈرۈش قانۇنى، بازار باشقۇرۇش قانۇنى قاتارلىق قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىشنى تەلەپ قىلىدۇ.

—ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى قېلىپلاشتۇرىدىغان قانۇنلار توغرىسىدا. پىلان ۋاستىسى، مەمۇرىي ۋاستىنى ئاساس قىلغان ئۇسۇلنى ئىقتىسادىي، قانۇنىي ۋاستىلەرنى ئاساس قىلىشقا ئۆزگەرتىپ، زۆرۈر بولغان مەمۇرىي ۋاستىلەرنى قوشۇمچە قىلىپ، ماكرو ئىقتىسادقا نىسبەتەن باشقۇرۇش ۋە تەڭشەش-تىزگىنلەش ئېلىپ بېرىش كېرەك. ھۆكۈمەت قانۇن بويىچە ھوقۇق يۈرگۈزۈشى، قانۇن بويىچە ماكرو ئىقتىساد باشقۇرۇشى، قانۇن بويىچە دۆلەت مۈلكىگە بولغان باشقۇرۇشنى ياخشىلىشى، پىلان، پۇل مۇئامىلىسى ۋە مالىيە ئۆزئارا ماسلاشتۇرۇلغان ۋە چەكلەپ تۇرىدىغان، ماكرو ئىقتىسادىي سىياسەتنى ئۈنۈملۈك تەڭشىيەلەيدىغان ۋە ئىقتىسادىي پىشاڭدىن قانۇن بويىچە پايدىلىنالايدىغان مېخانىزمنى ئورنىتىشى كېرەك. بۇنىڭ ئۈچۈن

پىلان قانۇنى، مال باھاسى قانۇنى، خامچوت قانۇنى، جۇڭگو خەلق بانكىسى قانۇنى، باج قانۇنى قاتارلىق قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. قانۇنىي ۋاستىلەر ئارقىلىق، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنىڭ ئوبيېكتىپلىقىغا، ئىلمىيلىقىغا ۋە مۇقىملىقىغا كاپالەتلىك قىلىپ، بازار ئىگىلىكىنىڭ ستىخىيلىكلىكى ۋە قارىغۇلۇقىنى تۈگەتكىلى بولىدۇ.

— ئەمگەك ۋە ئىجتىمائىي كاپالەتنى قېلىپلاشتۇرىدىغان قانۇنلار توغرىسىدا. ئىجتىمائىي كاپالەت سىستېمىسىنى مۇكەممەللەشتۈرۈش، ئەمگەكچىلەرنىڭ قىممىتىنى قەدىرلەش، ئەمگەكچىلەرنىڭ ھوقۇق-مەنپەئىتىنى قوغداش ئۈچۈن، ئەمگەك قانۇنى، ئىجتىمائىي ياردەم قانۇنى، ئىجتىمائىي كاپالەت قانۇنى، تۇرالغۇ جاي جامائەت فوندى نىزامى قاتارلىق قانۇن-نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش كېرەك. مەسىلەن، 1994-يىلى گوۋۇيۈەن «شەھەر-بازارلاردىكى تۇرالغۇ جاي تۈزۈمى ئىسلاھاتىنى چوڭقۇرلاشتۇرۇش توغرىسىدىكى قارار»نى ئېلان قىلىپ، تۇرالغۇ جاي جامائەت فوندى تۈزۈمىنى شەھەر-بازارلاردىكى تۇرالغۇ جاي يېڭى تۈزۈلمىسىنى قۇرۇپ چىقىشنىڭ ئاساسى قىلدى. 1996-يىل 8-ئايدا، گوۋۇيۈەن بەنگۇڭتىڭى «تۇرالغۇ جاي جامائەت فوندىنى باشقۇرۇشنى كۈچەيتىش توغرىسىدىكى پىكىرلەر»نى تارقىتىپ، تۇرالغۇ جاي جامائەت فوندىنىڭ خاراكتېرى ۋە باشقۇرۇش پرىنسىپىنى ئايدىڭلاشتۇردى. ھەرقايسى جايلارنىڭ تۇرالغۇ جاي جامائەت فوندىنى باشقۇرۇشنى قېلىپلاشتۇرۇش ئۈچۈن، مەملىكەت خاراكتېرلىك قانۇن-نىزامنى تۈزۈپ چىقىش جىددىي زۆرۈر بولماقتا.

—ئىشىكنى سىرتقا ئېچىۋېتىش ئىشىنى، چەتكە چېتىشلىق ئىقتىسادنى قېلىپلاشتۇرىدىغان قانۇنلار توغرىسىدا. خەلقئارا ئىقتىساد ھەرىكىتىنىڭ قائىدىسىگە ئاساسەن، چەتكە چېتىشلىق ئىقتىسادىي ئالاقە ۋە ھەمكارلىق بويىچە بىرلىككە كەلگەن ھەم قېلىپلاشقان تۈزۈلمىنى ئورنىتىش كېرەك، بۇنىڭ ئۈچۈن تاشقى سودا قانۇنى، تاموژنا بېجى قانۇنى، تاموژنا قانۇنى، چەت ئەل سودىگەرلىرىنىڭ مەبلەغ سېلىش قانۇنى، تۆكمە قىلىپ سېتىشقا قارشى تۇرۇش قانۇنى قاتارلىق قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. مەسىلەن، بىر قىسىم غەرب دۆلەتلىرى جۇڭگونى ”غەيرىي بازار ئىگىلىكى دۆلىتى“ دەپ قاراپ، جۇڭگوغا نىسبەتەن كەمسىتىش خاراكتېرلىك سودا سىياسىتىنى يۈرگۈزمەكتە. ئۇلار جۇڭگو ماللىرىغا نىسبەتەن تۆكمە قىلىپ سېتىشقا قارشى تۇرۇش جازاسىنى يۈرگۈزۈشتە، ئۆزلىرىنىڭ تۆكمە قىلىپ سېتىشقا قارشى تۇرۇش قانۇنىنى ئاساس قىلماقتا. يېقىنقى يىللاردىن بېرى جۇڭگو بازىرىمۇ چەت ئەللەرنىڭ ماللىرىنى تۆكمە قىلىپ سېتىشقا ئۇچرىماقتا، لېكىن بىزدە ھازىرغىچە «تۆكمە قىلىپ سېتىشقا قارشى تۇرۇش قانۇنى» بولمىغاچقا، ئۆزىمىزنىڭ مىللىي سانائىتىمىزنى قانۇن بويىچە قوغدىيالمايۋاتىمىز.

شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، نېگىزلىك سانائەت ۋە تايانچ سانائەتلەرنى روناق تاپقۇزۇش، مۇھىت بايلىقىنى قوغداش، ئەقلىي مۈلۈك ھوقۇقىنى قوغداش قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىش

www.uyghurkitap.com

ۋە تولۇقلاش كېرەك.

يۇقىرىدا كۆرسىتىلگەن مۇناسىۋەتلىك جەھەتلەردىكى قانۇنلار دۆلىتىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئاساسىي قۇرۇلمىسىنى شەكىللەندۈرىدۇ. بۇ قانۇنلارنىڭ تۈزۈپ چىقىلىشى سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسىنىڭ ئاساسەن بەرپا قىلىنغانلىقىدىن دېرەك بېرىدۇ. ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، بۇ سىستېمىمۇ داۋاملىق تولۇقلىنىپ ۋە پىششىپ بارىدۇ. يەنە مۇنداق دېيىشكىمۇ بولىدۇكى، دۆلىتىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسىنىڭ كامالەتكە يەتكەن كۈنى دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى يېڭى تۈزۈلمىسىنىڭ بەرپا قىلىنغان كۈنىدۇر.

## 3. چوڭقۇر تەتقىق قىلىشقا تېگىشلىك بىرقانچە مەسىلە

**(1) قانۇننىڭ سىنىپىيلىقى توغرىسىدا**

قانۇن سىنىپىيلىققا ئىگە. قۇللۇق جەمئىيەتنىڭ قانۇنى قۇلدارلار سىنىپىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر؛ فېئوداللىق جەمئىيەتنىڭ قانۇنى فېئودال پومېشچىكلار سىنىپىنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر؛ كاپىتالىستىك جەمئىيەتنىڭ قانۇنى بۇرژۇئازىيىنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ؛ سوتسىيالىستىك جەمئىيەتنىڭ قانۇنى بولسا، ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىكىدىكى كەڭ خەلقنىڭ ئىرادىسىنىڭ ئىپادىلىنىشىدۇر. دۆلىتىمىز ئاساسىي قانۇنىنىڭ بىرىنچى باب، بىرىنچى ماددىسىدا: "جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى ئىشچىلار سىنىپى رەھبەرلىك قىلىدىغان، ئىشچى-دېھقانلار ئىتتىپاقىنى ئاساس قىلغان خەلق دېموكراتىيىسى دىكتاتۇرىلىقىدىكى سوتسىيالىستىك دۆلەت. سوتسىيالىستىك تۈزۈم جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ تۈپ تۈزۈمى. سوتسىيالىستىك تۈزۈمگە ھەرقانداق تەشكىلات ياكى شەخسنىڭ بۇزغۇنچىلىق قىلىشى مەنئى قىلىنىدۇ." ئاساسىي قانۇننىڭ بۇ بەلگىلىمىسى دۆلىتىمىزنىڭ خاراكتېرىنى ئېنىقلاپ، دۆلىتىمىز ئىشچىلار سىنىپىنىڭ ۋە كەڭ خەلقنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈردى. ئۇ روشەن سىنىپىيلىققا ئىگىدۇر. ئاساسىي قانۇنغا ئاساسەن بەلگىلەنگەن قانۇن، نىزاملارمۇ ئوخشاشلا روشەن سىنىپىيلىققا ئىگىدۇر.

قانۇن سىنىپىيلىققا ئىگە بولۇش بىلەن بىرگە يەنە ئىلمىيلىققىمۇ ئىگە. ئىلمىيلىق دېگەنلىك، بىرىنچىدىن جەمئىيەت تەرەققىياتىنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى لازىملىقىنى، ئىككىنچىدىن قانۇن چىقىرىش تەرتىپىگە قاتتىق ئەمەل قىلىش لازىملىقىنى كۆرسىتىدۇ. قانۇن جەمئىيەت تەرەققىيات قانۇنىيىتىنىڭ چەكلەپ تۇرۇشىغا ئۇچرايدۇ، ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولمىغان قانۇن، بۇرۇن بولسۇن ياكى كېيىن بولسۇن بەرىبىر ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە ئۇيغۇن بولغان قانۇنغا ئورۇن بېرىدۇ. قانۇننىڭ ئىلمىيلىقى

ئاساسەن ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە بولغان تونۇش دەرىجىسىنى ئاساس قىلىدۇ. ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئىلغار ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىگە ۋەكىللىك قىلالىغان-قىلالمىغانلىقى، تار ۋە بىر تەرەپلىمە قاراشتىن چىقالىغان-چىقالمىغانلىقى بولسا، ھۆكۈمران سىنىپنىڭ ئوبيېكتىپ قانۇنىيەتكە بولغان تونۇشىنىڭ چوڭقۇرلۇق دەرىجىسىنى بەلگىلەيدۇ. ئىشچىلار سىنىپى سوتسىيالىستىك دۆلەتنىڭ خوجايىنى بولۇش سۈپىتى بىلەن، جەمئىيەت قانۇنىيىتىنى توغرا تونۇيالايدۇ، شۇڭا ئۇلارنىڭ تولۇق، ئىلمىي قانۇن سىستېمىسىنى تۈزۈپ چىقىشىغا گەپ كەتمىسە كېرەك. شۇنداق دېيىشكە بولىدۇكى، ئىلمىيلىققا ئىگە قانۇن ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەلىپىنى بىۋاسىتە، توغرا ئەكس ئەتتۈرىدىغان ئۈستقۇرۇلما، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنى كۈچلۈك ئالغا سۈرەلەيدىغان ئۈستقۇرۇلمىدۇر.

### (2) ئىسلاھات جەريانىدىكى قانۇن چىقىرىش توغرىسىدا

ئىسلاھات ئېلىپ بېرىشتا نۆۋەتتە يولغا قويۇلۇۋاتقان تۈزۈلمە ۋە تەرتىپنى ئۆزگەرتىپ، يېڭى تۈزۈلمە ۋە يېڭى تەرتىپنى ئورنىتىشقا توغرا كېلىدۇ. ئىسلاھات بىلەن قانۇن چىقىرىش بىر-بىرىگە تۈرتكە بولۇپ، ئىسلاھات نەتىجىسى قانۇن چىقىرىش ئارقىلىق مۇستەھكەملىنىدۇ، قانۇن چىقىرىش ئىسلاھاتنىڭ ساغلام تەرەققىي قىلىشىغا كاپالەتلىك قىلىدۇ. دۆلىتىمىزدە ئىلگىرى پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىگە ماسلاشقان قانۇن سىستېمىسى تولۇق شەكىللىنىپ بولمىغان، دۆلەتنى باشقۇرۇشتا ئاساسەن مەمۇرىي ۋاسىتىلەرگە تايىنىلاتتى. بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىش ئۈچۈن، زور تۈركۈمدىكى يېڭى قانۇنلارنى تۈزۈپ چىقىشقا توغرا كېلىدۇ. ھازىرقى مەسىلە قانداق قىلىپ ئىسلاھات بىلەن قانۇن چىقىرىشنى زىچ بىرلەشتۈرۈش مەسىلىسىدۇر. بازار ئىگىلىكىنىڭ تەرەققىيات ئېھتىياجىغا ئاساسەن، ماسلىشالمىغان قانۇنلارنى دەل ۋاقتىدا ئەمەلدىن قالدۇرۇش ۋە تۈزىتىش كىرگۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈش، يوق قانۇنلارنى دەل ۋاقتىدا چىقىرىش، قانۇن چىقىرىش بىلەن ئىسلاھاتنىڭ زىچ ماسلىشىپ، تەڭكەش يۈرگۈزۈلۈشىنى ئىشقا ئاشۇرۇش كېرەك. جۇڭگو ۋە چەت ئەل تارىخىنىڭ تەجرىبىلىرىدىن قارىغاندا، يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە ۋە ھەرىكەت مېخانىزمىنىڭ قانۇن چەكلىمىسى ئاستىدا نورمال يۈرگۈزۈلۈشىگە كاپالەتلىك قىلىش ئۈچۈن، توغرىلىقىنى ئەمەلىيەت ئىسپاتلىغان ئىسلاھات تەجرىبىلىرىنى ۋە ئۇسۇلىنى دەل ۋاقتىدا قانۇن شەكلى بىلەن مۇئەييەنلەشتۈرۈش كېرەك. بازار ئىگىلىكىدە قانۇنىيەت خاراكتېرىنى ئالغان نەرسىلەر ئۈستىدە مۇمكىنقەدەر ئالدىن قانۇن چىقىرىش، قانۇننىڭ ئىسلاھات ئېھتىياجىنىڭ ئارقىسىدا قېلىپ، زىيان ۋە قالايمىقانچىلىقنى كەلتۈرۈپ چىقىرىشىدىن ساقلىنىش كېرەك. قانۇن چىقىرىشقا ۋاقىتنىچە شەرت-شارائىت ھازىرلانمىغان ياكى سىناق باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان ئىشلار ئۈستىدە، ئاۋۋال سىياسەت ياكى ۋاقىتلىق نىزاملارنى بېكىتىپ تۇرۇپ، شارائىتى پىشىپ يېتىلگەندە ئاندىن ئۇنى دۆلەت قانۇنىغا كۆتۈرۈشكە بولىدۇ، مەسىلەن تۇرالغۇ جاي، ياشانغانلار كۈتۈنۈش، داۋالىنىش تۈزۈمى قاتارلىقلار.

### (3) تۇزۇمدە يېڭىلىق يارىتىش توغرىسىدا

دۆلىتىمىزدە قۇرۇلۇۋاتقان يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمە سوتسىيالىزم تۈزۈمى ئاستىدىكى، ئومۇمىي مۈلۈك-چىلىكنى ئاساسىي گەۋدە قىلغان بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى بولۇپ، بۇ خۇسۇسىي مۈلۈكچىلىك ئاساسىغا قۇرۇلغان بازار ئىگىلىكى بىلەن ئوخشاشمايدۇ، بۇ، تۈزۈمدىكى بىر خىل يېڭىلىق يارىتىش بولۇپ، ئىنسانىيەت تارىخىدا كۆرۈلۈپ باقمىغان يېڭى ئىقتىسادىي تۈزۈلمىدۇر. ئۇ ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنى تېخىمۇ ئازاد قىلالايدۇ، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىياتىنى تېخىمۇ ئالغا سۈرەلەيدۇ، تېخىمۇ هاياتىي كۈچكە ئىگە، تېخىمۇ ئۈنۈملۈك، يەنە تېخىمۇ ئادىلدۇر. يۇكسەك دەرىجىدە مەركەزلەشتۈرۈلگەن پىلانلىق ئىگىلىك تۈزۈلمىسىدىن بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىگە ئۆزگىرىشتە، مۇناسىپ بازار تۈزۈملىرى، بازار ئىگىلىكىگە مۇناسىۋەتلىك قانۇنلار يوقلۇقتىن بارلىققا كېلىدۇ. قانۇن چىقىرىشتا تەييار قىلىپ يوق بولغاچقا، كۆچۈرۈپ كېلىپ قوللىنىش مۇمكىن ئەمەس، شۇڭا دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالى ۋە بازار ئىگىلىكىنىڭ ئېھتىياجىغا ئاساسەن يېڭىلىق يارىتىش كېرەك.

—بازار سۇبيېكتىنى مىسالغا ئالساق. دۆلىتىمىز ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنى ئاساسىي گەۋدە قىلىشتا چىڭ تۇرغاندىكىن، قانداق قىلىپ قانۇن شەكلى بىلەن ئومۇمىي مۈلۈكچىلىك ئىگىلىكىنىڭ(دۆلەت ئىگىلىكى، كوللېكتىپ ئىگىلىكىنىڭ) بازار سۇبيېكتلىق ئورنىنى تىكلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش مەسىلىسىگە دۇچ كەلمەي قالمايدۇ، بۇ غەربنىڭ بازار ئىگىلىكىدىن پەرقلىنىدىغان بىر ئالاھىدىلىك. بىزنىڭ دۆلەت باشقۇرۇشىدىكى كارخانىلارنى دۆلەت ئىگىدارلىقىدىكى ۋە دۆلەت مەبلەغ سالغان كارخانىلارغا ئۆزگەرتىشىمىز، ئۇنىڭغا يېزا-بازار كارخانىلىرى، پاي هامكارلىق تۈزۈمىدىكى كارخانىلارنىڭ تۈزۈملىرىنى كىرگۈزۈشىمىزدىكى مەقسەت ئومۇمىي مۈلۈكچىلىكنىڭ سۇبيېكتلىق ئورنىنى تىكلەش ۋە ئۇنى قېلىپلاشتۇرۇشتىن ئىبارەت.

—مال-مۈلۈك هوقۇقى تۈزۈمىنى مىسالغا ئالساق. مال-مۈلۈك هوقۇقى مۈلۈكچىلىكنىڭ قانۇندا ئاتىلىشى، دۆلىتىمىزنىڭ ئاساسىي قانۇنىدا، سوتسىيالىستىك جامائەت مۈلكى مۇقەددەس ۋە دەخلىسىزدۇر؛ دۆلەت پۇقرالارنىڭ قانۇنغا مۇۋاپىق دارامىتىگە، ئامانەت قويغان پۇلغا، ئۆي-جايلىرىغا ۋە قانۇنغا مۇۋاپىق باشقا مال-مۈلكىگە بولغان ئىگىدارلىق هوقۇقىنى قوغدايدۇ، دەپ ئېنىق بەلگىلەنگەن. قانۇندا دۆلەت ئىگىدارلىق هوقۇقى ۋە كوللېكتىپ ئىگىدارلىقىدىكى مال-مۈلۈك هوقۇقى تۈزۈمىنىڭ تىكلەنگەنلىكى ۋە قېلىپلاشتۇرۇلغانلىقى—بۇ، يەنە بىر مۇهىم ئالاھىدىلىك بولۇپ هېسابلىنىدۇ. بىزنىڭ قانۇنىي ئىگە مال-مۈلۈك هوقۇقى دېگەن ئۇقۇمنى قانۇنغا كىرگۈزۈشىمىزدىكى مەقسەت، دۆلەت ئىگىدارلىق هوقۇقى بىلەن كارخانىنىڭ ئۆز ئالدىغا باشقۇرۇش هوقۇقىغا ئىگە بولغان قانۇنىي ئىگە مال-مۈلۈك هوقۇقىنىڭ مۇناسىۋىتى مەسىلىسىنى هەل قىلىشتىن ئىبارەت.

—هەرىكەت تۈزۈمىنى مىسالغا ئالساق. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، مەنپەئەت قانۇندا هوقۇق بولۇپ

ئىپادىلىنىدۇ، ھوقۇقىغا ئىگە بولۇشمۇ، ھوقۇقىنى يۈرگۈزۈشمۇ ھەرىكەت ئارقىلىق ئەمەلگە ئاشىدۇ. ھەرىكەت ئاساسەن مەبلەغ سېلىش ھەرىكىتى ۋە سودا-سېتىق ھەرىكىتى قاتارلىقلارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ، ئۇنىڭ يادروسى سودا-سېتىق قائىدىسىدىن ئىبارەت. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا مەبلەغ سېلىش ۋە سودا-سېتىق ئېلىپ بېرىشتا، ھەرىكەت ئۆلچىمى ۋە رىقابەت قائىدىسى بولۇش، بىر قاتار تۈزۈملەرنى ئورنىتىش كېرەك. دۆلىتىمىزدە ئەمگەكچىلەر جەمئىيەتنىڭ خوجايىنى، سۈيىيكت ئوخشىمىغانلىقتىن، ئۇنىڭ ھەرىكىتى جەھەتتە ئاساسلىنىدىغان قانۇنمۇ غەربنىڭكى بىلەن پەرقلىنىدۇ، بۇمۇ بىر ئالاھىدىلىك. مەسىلەن توختام، پۇتۇم قاتارلىق جەھەتلەردە ئەمگەكچىلەرنىڭ ئورنى، مەنپەئىتىنى قوغداش مەسىلىسى، ئەڭ ئاخىرىدا ئېكسپىلاتاتسىيىنى يوقىتىپ، ئورتاق بېيىشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇش مەسىلىسى قاتارلىق مەسىلىلەر ئۈستىدە ئىزدىنىش ۋە تەتقىق قىلىشقا توغرا كېلىدۇ.

--ماكرو ئىگىلىك تۈزۈمىنى مىسالغا ئالساق. ماكرو ئىقتىسادىي تۈزۈلمىنى ئورنىتىپ، ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ئېلىپ بېرىش مەركىزىي ھۆكۈمەتنىڭ بۇرچى، دۆلەتنىڭ ھوقۇقى. ماكرو ئىگىلىكنى تەكشۈرۈش دۆلىتىمىزنىڭ بىر ئالاھىدىلىكى، ئىقتىساد قانۇنىنىڭ مۇھىم ۋەزىپىسىدۇر؛ دۆلىتىمىز ھەم مەركەزلەشكەن، بىرلىككە كەلگەن بازارنى تەكشۈرۈش، ھەم مەركەز بىلەن يەرلىكتىن ئىبارەت ئىككى تەرەپنىڭ ئاكتىپلىقىنى تەكشۈرۈش، ھەم ئىقتىسادىي تەرەققىيات تەكشۈرۈش، ھەم قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇشنى تەكشۈرۈش، ھەم ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى تەكشۈرۈش، ھەم ماكرو ئىگىلىكنى جانلاندۇرۇشنى تەكشۈرۈش.

**(4) خەلقئارا تەجرىبىلەرنى ئۆرنەك قىلىش توغرىسىدا**

سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى ھەم بازار ئىگىلىكىنىڭ بىر قىسىم ئورتاق ئالاھىدىلىكلىرىنى ئىپادىلەپ بېرىشى، ھەم جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالى ئالاھىدىلىكىنى ئەكس ئەتتۈرۈشى كېرەك. دۇنيادا بازار ئىگىلىكى ئىككى-ئۈچ يۈز يىللىق تارىخقا ئىگە بولۇپ، ئۇنىڭدا كۆپلىگەن تەجرىبىلەر توپلانغان. شۇ سەۋەبلىك، يېڭى قانۇن سىستېمىسىنى ئورنىتىشتا دۆلەت ئەھۋالىنى چىقىش قىلىش بىلەن ئۆرنەك قىلىپ قوبۇل قىلىشنىڭ مۇناسىۋىتىنى توغرا بىر تەرەپ قىلىش كېرەك. خەلقئارادىكى پىشقان بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسى ۋە ئۇنىڭ قانۇن تۈزۈملىرىنىڭ نۇرغۇنلىرى ئىنسانىيەت مەدەنىيىتىنىڭ ئورتاق مىۋىسىدۇر. بۇنىڭ ئىچىدە ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىياتىنىڭ ئومۇمىي قانۇنىيىتىنى ئەكس ئەتتۈرگەنلىكى نەرسىلەر، خەلقئارادا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان قائىدىلەرگە ئۇيغۇن بولغانلىكى نەرسىلەر، جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا ئۇيغۇن بولغانلىكى نەرسىلەر بىزنىڭ ئەستايىدىل تەتقىق قىلىشىمىز ۋە ئۆرنەك قىلىشىمىزغا ئەرزىيدۇ.

جۇڭگونىڭ ئەمەلىيىتىگە ئۇيغۇن بولۇش دېگەننى مۇنۇ ئۈچ تەرەپتىن چۈشىنىشىمىز كېرەك: بىرىنچىدىن، دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك دۆلەت، نۆۋەتتە سوتسىيالىزمنىڭ دەسلەپكى باسقۇچىدا تۇرۇۋاتقان بولۇپ،

www.uyghurkitap.com

جۇڭگوچە ئالاھىدىلىككە ئىگە سوتسىيالىزم يولىدا كېتىۋاتىدۇ. ئىككىنچىدىن، دۆلىتىمىزنىڭ ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش، سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشى ئېلىپ بېرىش ۋە سوتسىيالىستىك بازار ئىگىلىكى تۈزۈلمىسىنى ئورنىتىشتىن ئىبارەت ئۇلۇغ ئەمەلىيىتى جۇڭگونىڭ نۆۋەتتىكى ئەڭ چوڭ ئەمەلىيىتى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسى چوقۇم مۇشۇ ئەمەلىيەتكە ئۇيغۇن كېلىشى لازىم. ئۈچىنچىدىن، بىز جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئۆز مىللىي ئالاھىدىلىكىمىز، تارىخىي مەدەنىيىتىمىز ۋە نەچچە مىڭ يىللىق قانۇنچىلىق ئەنئەنىمىز بار، قانۇن سىستېمىسىنى قۇرغىنىمىزدا، ئەسلىمىزنى ئۇنتۇماسلىقىمىز، بەلكى ئارتۇقچىلىقىمىزنى جارى قىلدۇرۇپ، قەدىمكىنى بۈگۈن ئۈچۈن خىزمەت قىلدۇرۇپ، جۇڭخۇا مىللەتلىرىنىڭ ئېسىل ئەنئەنىسىگە ۋارىسلىق قىلىشىمىز ۋە ئۇنى جارى قىلدۇرۇشىمىز كېرەك.

خەلقئارادا ئومۇمىيۈزلۈك قوللىنىلىدىغان قائىدىلەرگە ئۇيغۇن بولۇش دېگەنلىك، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئورتاق قانۇنىيىتىگە ئەمەل قىلىپ، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھازىرقى قانۇنلىرىدا مەۋجۇت بولۇپ تۇرۇۋاتقان، بازار ئىگىلىكىنىڭ ئورتاق قانۇنىيەتلىرىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان قانۇن ئۇقۇملىرى، قانۇن پرىنسىپلىرى ۋە قانۇن تۈزۈملىرىنى ھەمدە قانۇن جەھەتتىكى يېڭى نەتىجىلىرىنى دادىل ھالدا ئۆرنەك قىلىشقا بولىدىغانلىقىنى كۆرسىتىدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا مۇۋاپىق كېلىدىغان ئالاقىدار قانۇن ماددىلىرىنىمۇ تەتقىق قىلىشقا، ئۆرنەك قىلىشقا بولىدۇ. مەسىلەن پاتېنت قانۇنى، دېڭىز سودىسى قانۇنى قاتارلىق قانۇنلارنى تەييارلاش جەريانىدا، چەت ئەلنىڭ بىر قىسىم قانۇن چىقىرىش تەجرىبىلىرى ئۆرنەك قىلىندى. ئىسلاھاتنىڭ چوڭقۇرلىشىشى ۋە ئېچىۋېتىشنىڭ كېڭىيىشىگە ئەگىشىپ، بىز خەلقئارا رىقابەتكە تېخىمۇ كۆپ قاتنىشىپ، دۇنيا بازىرىدىن ئىگىلىگەن ئۈلۈشىمىزنى ئامالنىڭ بېرىچە كېڭەيتىمىز، دۆلىتىمىز ئىقتىسادىنىڭ خەلقئارالىشىش دەرىجىسى بارغانسېرى يۇقىرى كۆتۈرۈلىدۇ. شۇڭا، دۆلىتىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسىمۇ خەلقئارا قائىدىلەرنىڭ تەلىپىگە ئۇيغۇن بولۇشى كېرەك.

چەت ئەلنىڭ قانۇنچىلىق تەجرىبىلىرىنى ئۆرنەك قىلىش جەھەتتە، چوقۇم جۇڭگونىڭ دۆلەت ئەھۋالىغا بىرلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇپ، ئۆزىمىزنى ئاساس قىلىپ، باشقىلارنىڭ ئارتۇقچىلىقىنى قوبۇل قىلىپ، ئىشنىڭ جىددىيلىك ۋە مۇھىملىق دەرىجىسىنى ئايرىپ، دادىللىق بىلەن ئۆرنەك قىلىشىمىز كېرەك. لېكىن، ئۆرنەك قىلىش دېگەنلىك كۆچۈرۈپ كېلىش دېگەنلىك ئەمەس. قانۇن چىقىرىش ئەمەلىيىتى كۆچۈرۈپ كېلىش، ئۆز پېتىچە قوللىنىشنىڭ ھەرقاندىقى مەغلۇبىيەت بىلەن نەتىجىلىنىدىغانلىقىنى چۈشەندۈردى. بۇ تارىخىي تەجرىبىنى چوقۇم قوبۇل قىلىشىمىز كېرەك.

### (5) قانۇنني تۈزۈمنى بىرلىككە كەلتۈرۈش توغرىسىدا

يولداش جياڭ زېمىن پارتىيە 14-نۆۋەتلىك مەركىزىي كومىتېتىنىڭ 5-ئومۇمىي يىغىنىدا سۆزلىگەن

«سوتسىيالىستىك زامانىۋىلاشتۇرۇش قۇرۇلۇشىدىكى بىرقانچە مۇھىم مۇناسىۋەتلەرنى توغرا بىر تەرەپ قىلايلى» دېگەن سۆزىدە مۇنداق دەپ كۆرسەتكەنىدى: ”پۈتۈن مەملىكەتنىڭ ئىقتىسادى ئورگانىك بىر پۈتۈن گەۋدە بولۇپ، مەركەز مەملىكەت خاراكتېرلىك قانۇن، فاڭجېن، سىياسەتلەرنى تۈزۈپ چىققان ۋە يولغا قويغاندىلا، ئاندىن ئومۇمىي مىقدارنىڭ تەڭپۇڭلاشتۇرۇلۇشى ۋە قۇرۇلمىنىڭ سەرخىللاشتۇرۇلۇشىغا كاپالەتلىك قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بازىرىنىڭ بىرلىكىنى قوغداپ، خەلق ئىگىلىكىنىڭ تەرتىپلىك ئايلىنىشىنى ۋە تەڭكەش تەرەققىي قىلىشىنى ئىلگىرى سۈرگىلى بولىدۇ.“ ئىقتىسادنىڭ تەرەققىي قىلىشى مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن چوڭ بازارنىڭ شەكىللىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. سىرتقا قارىتا بېكىنمىچىلىك قىلىش، بازارنى ئايرىۋېلىش، يەرلىك قوروقچىلىق قاتارلىقلار بازار ئىگىلىكىنىڭ ئالاھىدىلىكى بولماستىن، فېئوداللىق ئىگىلىكنىڭ ئالاھىدىلىكى. چوڭ بازارنى تەرەققىي قىلدۇرۇش ئىقتىساد تەرەققىياتىنىڭ مۇقەررەر تەلىپى. چەت ئەل بىلەن سودا ئالاقىسى قىلماسلىق، ئۆلكىلەر ئارا سودا ئالاقىسى قىلماسلىق پەقەت قالاقلىققا ئېلىپ بارىدۇ، ئۇنىڭدا چىقىش يول يوق. ھەرقانداق دۆلەتنىڭ بازىرى چوقۇم بىرلىككە كېلىشى كېرەك. بازارنىڭ بىرلىكى ۋە تەرتىپلىكلىكى قانۇنىي تۈزۈمنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قانۇنىي تۈزۈمنىڭ بىرلىككە كېلىشى بولسا، يەنە بازارنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە تەرتىپلىك بولۇشىنىڭ كاپالىتى، دۆلەت بىرلىكىنىڭ كاپالىتى.

دۆلەت چىقارغان قانۇنلار مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى تۈزگەن ئاساسلىق قانۇنلارنى، مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى دائىمىي كومىتېتى تۈزگەن قانۇنلارنى (بۇلار ئومۇملاشتۇرۇلۇپ قانۇنلار دەپ ئاتىلىدۇ)، گوۋۇيۈەننىڭ مەمۇرىي نىزاملىرىنى ۋە يەرلىك نىزاملارنى ئۆز ئىچىگە ئالىدۇ. قانۇننىڭ تەسىر كۈچى نۇقتىسىدىن ئېلىپ ئېيتقاندا، ئاساسىي قانۇن ئەڭ يۇقىرى قانۇنىي كۈچكە ئىگە، بارلىق قانۇنلارنىڭ، مەمۇرىي نىزاملارنىڭ، يەرلىك نىزاملارنىڭ ئاساسىي قانۇن بىلەن زىت بولۇپ قېلىشىغا بولمايدۇ، زىت بولۇپ قالسا، بۇ قانۇن-نىزاملار كۈچىدىن قالىدۇ. مەمۇرىي نىزاملارنىڭ قانۇنلار بىلەن قارشى بولۇپ قېلىشىغا بولمايدۇ، يەرلىك نىزاملارنىڭ ئاساسىي قانۇن، قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملار بىلەن زىت بولۇپ قېلىشىغا بولمايدۇ. دۆلىتىمىزنىڭ سوتسىيالىستىك قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمىسى ۋە قانۇنىي كۈچ قۇرۇلمىسى بازارغا ئائىت قانۇنىي تۈزۈمنىڭ بىرلىككە كېلىشىگە پايدىلىق. بىرلىككە كېلىش ئالدى بىلەن قانۇن چىقىرىش تۈزۈمنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى، ئۇنىدىن قالسا قانۇن، نىزاملارنى چۈشەندۈرۈش ھوقۇقىنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى، ئەڭ ئاخىرىدا ئەدلىيە ھوقۇقى ۋە مەمۇرىي قانۇن ئىجرا قىلىشنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى كۆرسىتىدۇ.

ئەمەلىيەت جەريانىدا، بىز قانۇنىي تۈزۈمنىڭ بىرلىككە كېلىشى بىلەن يەرلىك، تارماقلارنىڭ قانۇن چىقىرىشى ئوتتۇرىسىدىكى مۇناسىۋەتنى توغرا بىر تەرەپ قىلىشىمىز كېرەك. دۆلەتنىڭ ئاساسىغا چېتىلىدىغان

سياسىي تۈزۈم، ئىقتىسادىي تۈزۈم، ئەدلىيە تۈزۈمى، شۇنداقلا مەملىكەت بويىچە بىرلىككە كەلگەن بازارنىڭ ئىقتىسادىي پائالىيەت مىزانىغا مۇناسىۋەتلىك بولغان ماكرو ئىگىلىكنى تەڭشەش-تىزگىنلەش ھوقۇقىنى ئەكس ئەتتۈرىدىغان مالىيە-باج تۈزۈمى، پۇل مۇئامىلە تۈزۈمى، تاشقى سودا تۈزۈمى قاتارلىق جەھەتلەردىكى قانۇنلارنى پرىنسىپ جەھەتتىن مەركەز چىقىرىشى كېرەك؛ قانۇن تۈزۈشكە ھازىرچە شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلمىگەن بولسا، گوۋۇيۈەن نىزاملارنى تۈزۈپ تۇرۇپ، بىر مەزگىل ئەمەلىيەتتىن ئۆتكۈزۈپ، تەجرىبىلەرنى خۇلاسىلەپ، پىشىپ يېتىلگەندە قانۇن قىلىپ كۆتۈرۈشكە بولىدۇ؛ يەرلىكلەر قانۇنىي ھوقۇق دائىرىسى ئىچىدە، ئاساسىي قانۇن، قانۇن ۋە مەمۇرىي نىزاملار بىلەن زىتلەشتۈرمەسلىك شەرتى ئاستىدا، يەرلىك خاراكتېرلىك نىزاملارنى تۈزۈپ چىقسا بولىدۇ. ئەگەر دۆلەتنىڭ قانۇن، مەمۇرىي نىزاملارنى تۈزۈش شەرتلىرى ۋاقتىنچە پىشىپ يېتىلمىگەن بولسا، يەرلىك مەركەزنىڭ بىر تۇتاش ئورۇنلاشتۇرۇشىغا ئاساسەن، سىناق ئېلىپ بېرىپ، ۋاقتىنچە يەرلىك خاراكتېرلىك نىزاملارنى تۈزۈپ تۇرسا بولىدۇ. شەرت-شارائىت پىشىپ يېتىلىپ، مەركەز قانۇن چىقارغاندىن كېيىن، بارلىق يەرلىك نىزاملار ۋاقتىدا تۈزىتىلىپ، مەركەزنىڭ قانۇنىغا بويسۇنۇشى كېرەك.

شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، يەرلىكنىڭ قانۇن چىقىرىشى دۆلىتىمىز سوتسىيالىستىك قانۇن چىقىرىش تۈزۈلمىسىنىڭ بىر قىسمىدۇر. لېكىن دۆلىتىمىز ئىتتىپاقداشلىق تۈزۈمىدىكى دۆلەت بولماستىن، بىرلا خىل تۈزۈمدىكى دۆلەت بولغاچقا، يەرلىك قورۇقچىلىقنىڭ بىرلىككە كەلگەن بازارنى ئايرىۋېلىشىدىن ۋە مونوپول قىلىۋېلىشىدىن ساقلىنىش ۋە ئۇنى تۈگىتىش كېرەك، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىش نامى بىلەن ئۆز ئالدىغا قانۇن چىقىرىپ، ئۆز بېشىمچىلىق قىلىشقا تېخىمۇ بولمايدۇ. يەنە شۇنىمۇ كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، نۆۋەتتە تۈرلۈك قانۇن لايىھىلىرىنىڭ مۇتلەق كۆپ قىسمى ھۆكۈمەت تارماقلىرى تەرىپىدىن ئوتتۇرىغا قويۇلغانلىقتىن، رېئال تۇرمۇشتا تارماقلار مەنپەئىتىنى ھوقۇقلاشتۇرۇش، ھوقۇقنى قانۇنلاشتۇرۇش خاھىشى ئوتتۇرىغا چىقتى، يەنى بىر قىسىم ئىدارىلەر تارماق مەنپەئىتى، يەرلىك مەنپەئەتنى چىقىش قىلىپ، قانۇن، نىزاملارنى تۈزۈپ چىقىش ئارقىلىق ئۆزلىرىنىڭ مەمۇرىي ھوقۇقىنى كۈچەيتمەكتە ياكى كېڭەيتمەكتە. بۇ ئەھۋال مۇقەررەر ھالدا بازارنىڭ بىرلىككە كېلىشى ۋە ئىقتىسادنىڭ ئايلىنىشىنى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرىتىدۇ، شۇڭا ئۇنى چوقۇم تۈزەش كېرەك. قانۇن تۈزۈشتە، چوقۇم ئومۇمىيلىقنى، دۆلەت ۋە خەلقنىڭ تۈپ مەنپەئىتىنى قوغداشنى چىقىش قىلىپ، پۈتۈن مەملىكەت بازىرىنىڭ بىرلىككە كېلىشىنى ئاكتىپلىق ھالدا قوغداپ، تۈرلۈك بېكىنمىچىلىك، ئايرىلىپ تۇرۇش ئەھۋالىنى بۇزۇپ تاشلاش، تۈرلۈك قورغان ۋە توسالغۇلارنى يوقىتىش كېرەك.

## (6) ھەق تەلەپ-سودا قانۇنى ۋە ئىقتىساد قانۇنى توغرىسىدا

ھەق تەلەپ-سودا قانۇنى ئىچىدىكى ھەق تەلەپ قانۇنى ئاساسلىقى تەڭ-باراۋەر سۇبيېكتلار ئوتتۇرى-

سىدىكى مال-مۈلۈك مۇناسىۋىتى ۋە كىشىلىك مۇناسىۋەتنى تەڭشەيدۇ، سودا قانۇنى تەڭ-باراۋەر سۇبيېكتلار ئوتتۇرىسىدىكى سودا مۇناسىۋىتى ۋە سودا ھەرىكىتىنى تەڭشەيدۇ. ھەق تەلەپ-سودا قانۇنى تەڭشەيدىغان ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەرنىڭ ھەممىسى بازار ئىگىلىكىدىكى مۇھىم ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەردۇر. بازارلىق قانۇنىي ئىگە، تەبىئىي شەخسلەر بازار ئىگىلىكىدە ھەق تەلەپ-سودا قانۇنى بويىچە پائالىيەت ئېلىپ بېرىشى كېرەك. ھەق تەلەپ-سودا قانۇنى بازار ئىگىلىكىدىكى ئەڭ مۇھىم قانۇنلارنىڭ بىرىدۇر. ئەنئەنىۋى قانۇنشۇناسلىق ھەق تەلەپ-سودا قانۇنىنى بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسىنىڭ يادروسى قىلىشنى تەشەببۇس قىلىدۇ، بۇنىڭدىن ئۇنىڭ مۇھىملىقىنى كۆرۈۋالغىلى بولىدۇ.

ئىقتىساد قانۇنى ھەق تەلەپ-سودا قانۇنىدىن كېيىن بارلىققا كەلگەن. ئۇ ماكرو ئىگىلىك نەزەرىيىسى ئورنىتىلغاندىن كېيىن، غەربتە قەدەممۇقەدەم تەرەققىي قىلغان. ئىقتىساد قانۇنىنىڭ تەڭشەش ئوبيېكتى دۆلەت ئىقتىسادقا ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلەش ۋە باشقۇرۇشنى ئېلىپ بېرىشتا چېتىشىدىغان ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر بولۇپ، ئۇنىڭ دۆلەت نامى بىلەن بازار ئىگىلىكىگە ئارىلىشىش، ئۇنى يېتەكلەش ۋە قېلىپلاشتۇرۇش رولى بار، مەسىلەن پىلان قانۇنى، خامچوت قانۇنى، مەركىزىي بانكا قانۇنى، ناتوغرا رىقابەتكە قارشى تۇرۇش قانۇنى، مونوپولغا قارشى تۇرۇش قانۇنى قاتارلىقلار. بازار ئىگىلىكى شارائىتىدا، دۆلەتنىڭ ئىقتىسادقا بولغان ئارىلىششى ئاساسەن قانۇنغا ئاساسلىنىپ ئىقتىسادىي ۋاستىلەر ئارقىلىق تەڭشەش-تىزگىنلەشنى ئېلىپ بېرىشتىن ئىبارەت. قانۇن بۇ خىل ھەرىكەتنىڭ كاپالىتى بولۇپ، ئۇ دۆلەتنىڭ ئىرادىسىنى ئەكس ئەتتۈرىدۇ. ئىقتىساد قانۇنى دۆلەتنىڭ ئىقتىسادىي مۇقىملىقىنى ساقلاش، قۇرۇلمىنى سەرخىللاشتۇرۇش، داۋاملىق تەرەققىي قىلدۇرۇش فونكسىيىلىرىنىڭ قانۇنىي ئاساسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ.

ھەق تەلەپ-سودا قانۇنى بىلەن ئىقتىساد قانۇنىنىڭ ئوخشىمىغان تەڭشەش ئوبيېكتى مەلۇم دەرىجىدە خۇسۇسىي قانۇن بىلەن ئومۇمىي قانۇننىڭ بازار ئىگىلىكى قانۇن سىستېمىسىدىكى ئوخشىمىغان رولىنى ئەكس ئەتتۈرۈپ بېرىدۇ. گەرچە ھېچقانداق بىر دۆلەت ئومۇمىي قانۇن ۋە خۇسۇسىي قانۇن دەپ ئېنىق بەلگىلىمىگەن بولسىمۇ، لېكىن قانۇنشۇناسلىقتا بۇ خىل ئايرىش قانۇنىي تەرتىپنىڭ ئاساسىدۇر، قانۇنىي تۈزۈمنىڭ ئورنىتىلىشىغا پايدىلىق دەپ قارىلىدۇ. خۇسۇسىي قانۇن ئاساسەن ئىجتىمائىي ئىقتىسادىي قانۇنىي ئىگە ۋە تەبىئىي شەخسنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ ۋە تەڭشەيدۇ. ئومۇمىي قانۇن ئاساسەن ھۆكۈمەت مەمۇرىي تارماقلىرىنىڭ ھەرىكىتىنى قېلىپلاشتۇرىدۇ ۋە تەڭشەيدۇ. دۆلەت ئومۇمىي ھوقۇقنىڭ ۋەكىلى سۈپىتىدە، ئىقتىساد قانۇنىنى قانۇن بويىچە يولغا قويۇپ، ئىقتىسادنى تەڭشەپ-تىزگىنلەيدۇ ۋە باشقۇرىدۇ. دۆلەت ئىگىدارچىلىق قىلغۇچى سۈپىتىدە مەبلەغ سېلىش، سودا ئېلىپ بېرىش، كارخانا باشقۇرۇشتا، ھۆكۈمەت بىلەن كارخانىنى ئايرىۋېتىشنى يولغا قويۇشى، دۆلەت كارخانىسى تىپىدىكى قانۇنىي ئىگە تۈزۈمىنى ئورنىتىپ، ھەق تەلەپ-سودا قانۇنى بويىچە باشقا ئىقتىسادىي تەركىبلەر بىلەن تەڭ-باراۋەر ئورۇندا تۇرۇشى

www.uyghurkitap.com

لازىم. دۆلىتىمىزنىڭ يېڭى قانۇن سىستېمىسى ھەم بازار سۇبيېكتلىرى ئوتتۇرىسىدىكى ئەركىن ۋە ئادىل رىقابەتكە تولۇق كاپالەتلىك قىلىشى، ھەم دۆلەتنىڭ بازارغا بولغان ماكرولۇق تەڭشەش-تىزگىنلىشىگە كاپالەتلىك قىلىشى كېرەك. شۇڭا، يېڭى قانۇن سىستېمىسى خۇسۇسىي قانۇن ۋە ئومۇمىي قانۇننى ئۆز ئىچىگە ئېلىپ، ھەق تەلەپ-سودا قانۇنى بىلەن ئىقتىساد قانۇنىنى ئورتاق تەرەققىي قىلدۇرۇشى ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشى كېرەك.

**(7) قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلىش توغرىسىدا**

دۆلىتىمىزنىڭ بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى قانۇن سىستېمىسى قانۇن چىقىرىش جەريانىدا يولغا قويۇلدۇ ۋە قوغدىلىدۇ، ئەمەلىيەت جەريانىدا قۇرۇلىدۇ، قانۇننى ئىجرا قىلىش ۋە نازارەت قىلىش جەريانىدا داۋاملىق تەرەققىي قىلىدۇ ۋە تولۇقلىنىدۇ. نۆۋەتتە، قانۇننىڭ رولىغا سەل قاراش، قانۇنچىلىق قارىشى ئاجىز بولۇش، قانۇنغا ئەمەل قىلماسلىق، قانۇننى قاتتىق ئىجرا قىلماسلىق قاتارلىقلار يەنىلا بىرقەدەر ئومۇمىيۈزلۈك ھادىسە بولۇپ، بۇلار جەمئىيەت ئۈچۈن ئىنتايىن زىيانلىقتۇر. شۇڭا، چوقۇم بىر قولدا قانۇن چىقىرىشنى تۇتۇش، بىر قولدا قانۇننى ئىجرا قىلىشنى تۇتۇش كېرەك.

شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، پىششىق يېتىلگەن بازار ئىگىلىكىدە، چوقۇم مۇكەممەل قانۇن سىستېمىسى بولۇشى كېرەك. بۇ، زامانىۋى شەھەردە قاتتىق قاتناش قائىدىسىنىڭ بولۇشى زۆرۈر بولغاندەك بىر ئىش. قانۇن تۈزۈلگەندىن كېيىن، ئۇنى چوقۇم ئەستايىدىل ئىجرا قىلىش كېرەك، قانۇنغا چوقۇم ئەمەل قىلىش، قانۇننى ئىجرا قىلىشتا چوقۇم قاتتىق بولۇش، قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلارنى چوقۇم سۈرۈشتۈرۈشنى ئەمەلگە ئاشۇرۇپ، قانۇننى ئىنتايىن يۈكسەك ئابرويغا ئىگە قىلىش كېرەك. سۆزنى قانۇننىڭ ئورنىغا دەسسىتىشكە، ھوقۇقنى قانۇندىن ئۈستۈن قويۇشقا قەتئىي قارشى تۇرۇش، قانۇننى ئىجرا قىلغۇچى تۇرۇقلۇق قانۇنغا خىلاپلىق قىلىشقا، يۈز خاتىرە قىلىپ قانۇنسىزلىق قىلىشقا تېخىمۇ يول قويماسلىق كېرەك. قانۇننىڭ ئابرويى بىر دۆلەتتە ئومۇمىي ھوقۇقنىڭ نورمال يۈرگۈزۈلۈش-يۈرگۈزۈلمەسلىكىنى بەلگىلەيدۇ، ئۇ قانۇن بىلەن ئىدارە قىلىشنى يولغا قويۇشنىڭ مۇھىم بەلگىسى، قانۇنچىلىق ئاساسىدىكى جەمئىيەتنىڭ بەلگىسى بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. پارتىيىمىزنىڭ ھەر دەرىجىلىك تەشكىللىرى ۋە كەڭ پارتىيە ئەزالىرى، ھەر دەرىجىلىك ھۆكۈمەت ئاپپاراتلىرى ۋە ھۆكۈمەت خادىملىرى، بولۇپمۇ رەھبىرىي كادىرلار ئاساسىي قانۇن ۋە قانۇنلارغا ئاڭلىق رىئايە قىلىشى ۋە ئۇنى قوغدىشى، قانۇن بويىچە ئىش قىلىشنى قەتئىي يولغا قويۇپ، جەمئىيەت ئۈچۈن نەمۇنە يارىتىشى كېرەك. شۇنىڭ بىلەن بىر ۋاقىتتا، قانۇننى ئىجرا قىلىشنى تەكشۈرۈش، نازارەت قىلىشنى كۈچەيتىپ، تۈرلۈك قانۇن، نىزاملارنىڭ ئىزچىل ئەمەلىيلىشىشىگە ھەقىقىي كاپالەتلىك قىلىش كېرەك. قانۇنىي تۈزۈمنىڭ مۇكەممەل بولۇشى قانۇن چىقىرىش مېخانىزمى، قانۇننى ئىجرا قىلىش مېخانىزمى، نازارەت قىلىش مېخانىزمىنىڭ ئورنىتىلىشىنى ۋە ئۈنۈملۈك ئايلىنىشىنى تەلەپ قىلىدۇ. بۇ ئۈچىنىڭ بىرەرسى

كەم بولسىمۇ بولمايدۇ.

**(8) قانۇننى تۈزىتىپ مۇكەممەللەشتۈرۈش توغرىسىدا**

قانۇننىڭ ئابرويى قانۇننىڭ مۇقىم بولۇشىنى تەلەپ قىلىدۇ. قانۇننىڭ قۇرۇلمىسى ۋە قانۇننىڭ مەزمۇنىنى قانۇنىي تەرتىپتىن ئۆتكۈزمەي خالىغانچە ئۆزگەرتىشكە ۋە تۈزىتىشكە بولمايدۇ. لېكىن، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرىنىڭ تەرەققىي قىلىشىغا ئەگىشىپ، سىياسىي، ئىقتىسادىي، ئىجتىمائىي مۇناسىۋەتلەردە ئۆزگىرىشلەر پەيدا بولغاندا، قانۇننى تۈزىتىش زۆرۈر بولۇپ قالىدۇ. قانۇننىڭ تۈزىتىلىشى قانۇننىڭ مۇقىملىقىنى ساقلاپ تۇرۇش ئۈچۈن بىر خىل تەڭشىگۈچ مېخانىزم بولۇپ ھېسابلىنىدۇ، ئۇ، قانۇننىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى بولۇپ، قانۇننى تەرەققىي قىلدۇرۇش ۋە مۇكەممەللەشتۈرۈشنىڭ مۇھىم شەكلىدۇر. لېكىن قانۇننى تۈزىتىشكىلا بولىدۇكى، ئۇنىڭغا خىلاپلىق قىلىشقا قەتئىي بولمايدۇ. قانۇننى تۈزىتىش ئىشى قانۇنىي تەرتىپتىن ئۆتكۈزۈلۈشى ھەمدە قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى تەرىپىدىن ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. باشقا ھەرقانداق شەكىل بىلەن ئېلىپ بېرىلغان تۈزىتىش ئىناۋەتسىز بولۇپلا قالماستىن، بەلكى يەنە قانۇنغا خىلاپلىق قىلغانلىقتۇر.

يېڭى تۈزۈلمىنى ئورنىتىش جەريانىدا، ئىسلاھات-ئېچىۋېتىشنىڭ سىياسەتلىرىنى مۇقىملاشتۇرۇش ۋە ماددىلاشتۇرۇش، بازار ئىگىلىكى شارائىتىدىكى يېڭى تۈزۈلمىگە ماسلاشمىغان قانۇنلارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈش ئوبيېكتىپ تەلەپتۇر. 1993-يىلى ئاساسىي قانۇنغا تۈزىتىش كىرگۈزۈلۈپ، "بازار ئىگىلىكى"نىڭ قانۇنىي ئورنى تۇرغۇزۇلغانلىقى بۇنىڭ گەۋدىلىك مىسالىدۇر. 1986-يىلى 6-نۆۋەتلىك مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيىنىڭ 18-قېتىملىق دائىمىي كومىتېت يىغىنى ماقۇللىغان «كارخانىنىڭ ۋەيران بولۇش قانۇنى» بازار ئىگىلىكى شارائىتى ئاستىدا ياخشىلىرى تاللىنىش، ناچارلىرى شاللىنىش مېخانىزمىنىڭ ئورنىتىلىشى ئۈچۈن بىر تۈرتكە بولۇپ ھېسابلىنىدۇ. لېكىن بۇ قانۇن پەقەت دۆلەت كارخانىلىرىغىلا ماس كېلىدۇ، ئۇنىڭدا ۋەيران بولغان كارخانىنىڭ تارىخىي يۈكى ۋە خادىملىرىنىڭ ئورۇنلاشتۇرۇلۇشى قاتارلىق مەسىلىلەرنى بىر تەرەپ قىلىش جەھەتتىمۇ كونكرېت چارىلەر كەم. شۇڭا مەملىكەتلىك خەلق قۇرۇلتىيى مالىيە-ئىقتىساد كومىتېتى يېڭى بىر ۋەيران بولۇش قانۇنىنى تەييارلىماقتا.

شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، قانۇننىڭ مۇكەممەللەشتۈرۈلۈشى ئىسلاھات ۋە تەرەققىياتنىڭ ئىچكى تەلىپى، قانۇن ئۈزلۈكسىز تۈزىتىلىش جەريانىدا تەدرىجىي مۇكەممەللىشىپ بارىدۇ. قانۇننى تۈزىتىش قانۇنچىلىق قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم مەزمۇنى ھەمدە ئۇ قانۇن چىقىرىش خاراكتېرىنى ئالىدۇ، شۇڭا، تۈزىتىش قانۇن چىقىرىش تەرتىپى بويىچە ئېلىپ بېرىلىشى كېرەك. قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى تۈزىتىش كىرگۈزمىگىچە، ھېچقانداق بىر شەخس ۋە ئورۇننىڭ قانۇن يېڭى ۋەزىيەت ۋە يېڭى ئەھۋالغا ماسلىشالمىدى دېگەننى باھانە قىلىپ قانۇننى ئىجرا قىلىشتىن باش تارتىشىغا بولمايدۇ. قانۇن پەقەت قانۇن چىقىرىش ئورگانلىرى

تەرىپىدىن قانۇنىي تەرتىپ بويىچە تۈزىتىلىدۇ، بۇ قانۇننىڭ ئابرويىنىڭ ۋە ئومۇمىيۈزلۈك چەكلەپ تۇرۇش كۈچىنىڭ ئاساسىي تەلىپىدۇر. بولمىسا، قانۇننىڭ مۇقىملىقى ۋە كەسكىنلىكى بۇزغۇنچىلىققا ئۇچرايدۇ، جەمئىيەت قالايمىقانلىشىپ، بازار تەرتىپسىزلىشىپ، چىرىكلىك يامراپ كېتىدۇ.

يىغىنچاقلىغاندا، ئىسلاھات مەزگىلى ئىشلەپچىقىرىش مۇناسىۋەتلىرى ۋە ئىقتىسادىي مۇناسىۋەتلەر كەسكىن ئۆزگىرىۋاتقان مەزگىل. بىز ھەم ئۈزلۈكسىز يېڭى قانۇن قائىدىسىنى تۈزۈپ چىقىشىمىز، ھەم ھازىر يولغا قويۇلۇۋاتقان قانۇن، نىزاملارغا تۈزىتىش كىرگۈزۈپ مۇكەممەللەشتۈرۈپ تۇرۇشىمىز كېرەك. يېڭى قانۇننى ھېچقانداق نۇقسانى يوق، ئۇزۇن ۋاقىتقىچە ئۆزگەرمەيدۇ دەپ خىيال قىلساق بولمايدۇ، شۇنداقلا بەزىبىر قانۇن، نىزاملارنىڭ ئۆتكۈنچى خاراكتېرگە ئىگە ئىكەنلىكىنى باھانە قىلىپ ئۇزاققىچە قويۇپ قويۇشىمىزغا، ياكى ئۇنىڭ باسقۇچلۇقلۇقىنى باھانە قىلىپ ئىجرا قىلماسلىقىمىزغا بولمايدۇ. دۇنيادا ئەزەلدىن مىڭ يىلغىچە ئۆزگەرمەيدىغان قانۇن بولۇپ باقمىغان. شۇنى كۆرۈپ يېتىشىمىز كېرەككى، ئىشلەپچىقىرىش كۈچلىرى تەرەققىي قىلىپ تۇرىدۇ، ئوبيېكتىپ ۋەزىيەت ئۆزگىرىپ تۇرىدۇ، قانۇننى تۈزىتىشمۇ قانۇن چىقىرىشتىكى دائىملىق خىزمەت بولۇشى كېرەك.

**(مەزكۇر ماقالە يولداش لى تېيىڭنىڭ 1996-يىل 11-ئاينىڭ 20-كۈنى مەركىزىي پارتىيە مەكتىپىدە قىلغان دوكلاتىنىڭ قىسقارتىلمىسى)**

**تەرجىمە قىلغۇچى: كامىلجان تۇرسۇن**
**مەسئۇل مۇھەررىر: ئەركىنجان**

ئۇيغۇر كىتاب تورى
www.uyghurkitap.com

ISSN 1006-5857

9 771006 585006 08

《求是文选》(维吾尔文版)国外代号:M5－V 刊号:ISSN1006－5857 / CN11－2498/D
邮发代号:2－373 定价:1.80元 邮政编码 100013